دوكتور مۇستافا مەھمۇد

# دىنسىز تونۇشۇم بىلەن سۆھبەت

تەرجىمە قىلغۇچى:     ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان
تەھرىرى:     س. كۆكتۇغ
كوررېكتورى:     س. كۆكتۇغ
بەتچىك:     ئا. روزى توختى
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئا. بۇلاق

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى
2011

بۇ كىتابنىڭ بېسىپ ـ تارقىتىلىشىغا ماددىي ياردەم بەرگەن مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلىرىمىزگە جانابى ئاللاھتىن دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت تىلەيمىز!

# حوار مع صديقي الملحد

**تأليف: دكتور مصطفى محمود**


ئالاقىلىشىش ئادرىسى:

Ördek Ksasap Mah. Millet Cad. Gülşen Apt. No: 108 D:5
Çapa –Fatih /İstanbul /Türkiye

Tel: 0090-212- 5232877
E-mail: info@maarip.org

# مۇندەرىجە


تۇغمىدى، تۇغۇلمىدى........................................5
الله نېمە ئۈچۈن يامانلىقنى ياراتتى؟...........................31
قۇرئان يەتمەي قالغانلارنىڭ گۇناھى نېمە؟...............39
جەننەت ۋە دوزاخ.........................................................49
ئەسلى قائىدە ئازابنىڭ بولماسلىقى .........................59
دىن ئەپيۇنمۇ؟.............................................................61
ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىچۇ؟....85
روھ.....................................................................................101
ۋىجدان ..............................................................................119
ھەج پائالىيەتلىرى بۇتپەرەسلىكمۇ؟.........................125
قۇرئان نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئويدۇرغان كىتاب
بولمىسۇن؟ ......................................................................131
قۇرئان كەرىمنىڭ ئويدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس
165.............................................................................
شەكلەر.............................................................................183
الله لەۋھۇل مەھپۇزدا يازغىنىنى قانداق ئۆچۈرىۋېتىدۇ؟
193.............................................................................
الله بىزنىڭ ئىبادىتىمىزگە موھتاجمۇ؟..................195
دىنىنىڭ تەرەققىياتقا بولغان پوزىتسىيەسى ...........201
"لا ئىلاھە ئىللاللاھ" كەلىمىسى .............................217
ك، ھـ، ي، ع ۋە ص.........................................................225
مۆجىزە...............................................................................235
دىنىنىڭ مەنىسى..............................................................243

بۇ زۇلۇم ئەمەسمۇ؟................................................247
ئىنسان سەمىمىيىتىدە راستچىل بولالامدۇ؟...........251
بىز دۇنيا سائادىتىگە ئېرىشتۇق، سىلەر خىياللارغا
ئېرىشتىڭلار .......................................................251
بەختسىزلىكمۇ، قانداق بەختسىزلىك؟...................253
راستمۇ؟ دېگەنلىرىڭىزگە ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟..........261

بسم الله الرحمن الرحيم

# تۇغمىدى، تۇغۇلمىدى

تونۇشۇم جېدەلنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە تولا گەپ قىلىدىغان بىر ئادەم. ئۇ بىزنى: ”جەننەت ۋە ھۆرلىئەينىگە ئوخشاش خام خىياللارغا ئىشىنىپ، دۇنيانىڭ نېمەت ۋە لەززەتلىرىدىن مەھرۇم قالىدىغان ئاخمىقانە ئادەملەر“ دەپ تونۇيدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن تونۇشۇمنى بىر تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، ئۇ فرانسىيەدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، دىنسىزلىق ئىدىيەسىنى تارقاتقۇچى ھىپپىزلەر[①] بىلەن بىرگە ياشاپ، ھەممە نەرسىنى ئىنكار قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن بىر ئادەم.

ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دېدى:

سىلەر: ”الله بار“ دەيسىلەر، سىلەرنىڭ بۇ ئېتىقادىڭلارغا كۆرسىتىدىغان بىردىنبىر دەلىلىڭلار، ھەربىر يارىتىلغان نەرسىنىڭ بىر ياراتقۇچىسى باردۇر، بار نەرسىنى بار قىلىدىغان بىر نېمە بولۇشى كېرەك، مەسىلەن: ”گىلەم توقۇغۇچى ئۇستىسىنى، رەسىم

---

[①] ھىپپىزلەر: 70-يىللاردا ”قائىدە - يوسۇن تونۇمايدىغانلار گۇرۇھى“ نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان، غەلىتە كىيىملەرنى كىيىپ، چاچلىرىنى ھەرخىل بوياپ، جەمئىيەتتە ناشايان قىلىقلارنى پەيدا قىلغان بىر قىسىم ياشلار.

رەسسامنى، نەقىش نەققاشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، مۇشۇ مەنتىقىگە ئاساسەن، دۇنيا دېگەن نەرسە، ئۇنىڭ بىر ياراتقۇچى ياكى ياسىغۇچىسىنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ، ياراتقۇچىسى بولسا اللەتۇر“ دېگەن سەۋەبىيەت قانۇنى. بولدى، شۇنداق دەيلى ۋە بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەيلى... ئۇنداقتا مۇشۇ سەۋەبىيەت قانۇنى ۋە ئۆزەڭلارنىڭ دەلىل - مەنتىقى بويىچە: ”ياراتقۇچىنى كىم ياراتتى؟ سىلەر داۋا قىلىۋاتقان اللەنى كىم ياراتتى؟“ دېگەن سوئالنى سوراش ھەققىمىز ئەمەسمۇ؟ سىلەر كەلتۈرگەن دەلىلنىڭ ئۆزى ۋە ئەشۇ سەۋەبىيەت قانۇنى بىزنى مۇشۇ سوئالنى سوراشقا مەجبۇر قىلمامدۇ؟ سىز بۇ مۇجمەللىككە قانداق قارايسىز؟ قېنى مەرھەمەت!

بىز ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىز سوئال سوراش قائىدىسىگە ئۇيغۇن چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇجمەللىكمۇ يوق، چاتاقمۇ يوق، سىز اللەنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە قايىل بولغاندىن كېيىن: ”ئۇنى كىم ياراتتى؟“ دەيسىز، ئۇنى بىرلا جۈملە ئىچىدە ھەم ياراتقۇچى ھەم يارىتىلغۇچى قىلىسىز، بۇ بىر - بىرىگە تامامەن زىت.

سوئالىڭىزنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، سىز ياراتقۇچىنىڭ يارىتىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىغا بويسۇندىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىسىز. سەۋەبىيەت قانۇنى بولسا، بىز زامان ۋە ماكان ئەۋلادلىرىنىڭ قانۇنىدۇر. زامان ۋە ماكاننى ياراتقان الله ئەلۋەتتە زامان ۋە

ماكانىنىڭ ئۇستىدە بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ زامان ۋە ماكان ياكى زامان ۋە ماكان قانۇنلىرى بىلەن مۇقەييەد بولۇپ قېلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز توغرا ئەمەس.

سىز بۇ قۇرۇق سەپسەتە ئارقىلىق يىپ بىلەن ئوينىتىلغان قوچاقلارغا ئوخشاپ قالىسىز، سىز ئۇ قوچاقنى ياسىغان ئىنساننىڭ قوچاقنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىسىز، ئەگەر بىز قوچاقتا: "ئۇ ئۆزلىكىدىن ھەرىكەت قىلىدۇ" دېسەك، قوچاق بىزگە: "بىر نەرسىنىڭ ئۆزلىكىدىن ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، مېنىڭ ئالەمىمدە ھەرقانداق نەرسە يىپ بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ" دەيدۇ. سىز شۇنىڭغا ئوخشاش ئەتراپىڭىزدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئۇنى بار قىلغۇچىغا موھتاج بولغانلىغىنى كۆرىشىڭىز بىلەنلا الله ئۇنى بار قىلغۇچى بولماستىن، ئەزەلدىن مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلمايسىز.

سىز الله تائالا ئىنسانلارغا چۈشۈشى ئۈچۈن شارغا، پەيغەمبەرلەرگە مىنىشى ئۈچۈن تېز سۈرئەتلىك ئاپتۇۋۇزغا موھتاجلىقىنى گۇمان قىلغان ئادەمگە ئوخشايسىز، الله تائالا بۇ سۈپەتلەردىن مۇنەززەھ ۋە ئۇستۇندۇر.

گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ ئەمانۇئېل كانت: «ساپ ئەقىلنى مۇھاكىمە قىلىش» دېگەن كىتابىدا، ئەقىلنىڭ نەرسىلەرنىڭ سىرلىرىنى تەلتۆكۈس بىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى، ئۇ ئۆز تەبىئىتى بىلەن پەقەت جۈزئى ۋە زاھىرى نەرسىلەرنىلا بىلەلەيدىغانلىقىنى،

بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى، مىسالى ماھىيىتى مەخپىي بولغان نەرسىلەرنى بىلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇ: ”اللهنى ئەقىل بىلەن ئەمەس، ۋىجدان بىلەن بىلدۇق، ئۇسسىغىنىمىز سۇنىڭ بارلىقىغا دەلىلىمىز بولغىنىغا ئوخشاش، ئادالەتكە بولغان ئىشتىياقىمىز ئادىللىق قىلىدىغان بىر زاتنىڭ بارلىقىغا بولغان دەلىلىمىزدۇر“ دېگەن.

ئارىستو «سەۋەبلەر زەنجىرى» دېگەن ماۋزۇسىدا: ”ئورۇندۇق ياغاچتىن بولىدۇ، ياغاچ دەرەختىن بولىدۇ، دەرەخ ئۇرۇقتىن بولىدۇ، ئۇرۇق تېرىغۇچىدىن....“ دېگەن زەنجىرسىمان مىسالىنى كەلتۈرۈپ، ئاخىرىدا: ”بۇ، تۈگىمەس زاماندا سەپەرگە چىققانغا ئوخشاش بىر مەسىلەدۇركى، ئۇنىڭ بىزنى باشقا يەنى سەۋەبكە موھتاج بولمىغان بىر سەۋەبكە، ھەرىكەت قىلدۇرغۇچىغا موھتاج بولمىغان بىر ھەرىكەت قىلدۇرغۇچىغا، ياراتقۇچىغا موھتاج بولمىغان بىر ياراتقۇچىغا باشلاپ بېرىشى چوقۇم“ دېيىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئارىستو سۆزىنى قىلغان سەۋەب موھتاج بولمىغان سەۋەب، ھەرىكەت قىلدۇرغۇچىغا موھتاج بولمىغان ھەرىكەت ۋە ياراتقۇچىغا موھتاج بولمىغان ياراتقۇچى بولسا، بىز ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ھازىر سۆزىنى قىلىۋاتقان الله تائالادۇر.

ئەمما ئىبنى ئەرەبى «ياراتقۇچىنى كىم ياراتتى؟» دېگەن بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىدى: ”بۇ سوئال پەقەت ئەقلى بۇزۇق ئادەمنىڭ ئەقلىگە كېلىدۇ،

بارلىقنىڭ دەلىلى اللە تائالادۇر، بارلىقنى اللەنىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلىشقا بولمايدۇ، نۇر كۈندۈزنىڭ بارلىقىغا دەلىل دېمەك بىلەن، كۈندۈز نۇرنىڭ بارلىقىغا دەلىل دېمەك بىر ئەمەس“.

اللە تائالا ھەدىس قۇددۇسىدا: «ماڭا مەن بىلەن دەلىل قىلىنىدۇ، باشقا نەرسە ماڭا دەلىل قىلىنمايدۇ» دېگەن.

اللە تائالا دەلىلگە موھتاج بولمايدىغان دەلىلدۇر، چۈنكى اللە تائالا ئۆزىنىڭ زاتى بىلەن ئوپئوچۇق ھەقتۇر، ئۇ ھەر نەرسىنىڭ دەلىلىدۇر، اللە تائالا دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى، توزنىڭ پەيلىرىدىكى، كېپىنەكنىڭ قانىتىدىكى، گۈلنىڭ خۇشبۇيىدىكى، بۇلبۇلنىڭ سايرىشىدىكى، دۇنيادىكى ھەرخىل يۇلتۇزلارنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ تىزىلىپ بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىشىدىكى نىزام، نازۇكلۇق، گۈزەللىك ۋە ھۆكۈملىرىدە ئوپئوچۇقتۇر. ئەگەر بىز: ”بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىكىدىنلا بولۇپ قالدى“ دېسەك، ”شېكسپىردەك شائىرنىڭ شېئىرى ھەرپلەرنى ھاۋاغا تاشلاش بىلەن ئۆزلىكىدىن تۈپلىنىپ، شائىر ۋە يازغۇچىسىغا موھتاج بولماستىنلا، شۇنداق گۈزەل تۈزۈلۈپ قالدى“ دېگەن بولىمىز.

قۇرئان كەرىم بىزنى بۇ ئەرزىمەس جېدەللەردىن، ئازغىنە كەلىمىلەردىن تەركىب تاپقان، ئەمما تولىمۇ پاساھەتلىك مۇنۇ ئايەتلىرى بىلەن خالاس قىلىدۇ: ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ. اللَّهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾ ﴿اللە بىردۇر. ھەممە اللەقا موھتاجدۇر. اللە تۇغمىغان ۋە

تۇغۇلمىغــان. هــېچ نەرســە ئۇنىڭغــا تەڭ بولالمايــدۇ دېگىن﴾[1].

تونۇشىمىز مەسخىرە قىلىپ تۇرۇپ: ”سىلەر نېمە ئۈچۈن الله بىر دەيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئىلاھلار كۆپ بولۇپ، ھەر بىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولمىسۇن؟“ دەيدۇ.

ئۇنىڭ سوئالىغا قۇرئان كەرىم بىلەن جاۋاب بەرسەك، قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىم بىلەن جاۋاب بەرمەستىن، بەلكى ئىلمى مەنتىق دەپ تونۇلغان مەنتىقە بىلەن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيمىز:

ياراتقۇچى بىردۇر، چۈنكى ئالەم بىر پىلان ۋە بىر خام ماددىدىن بىنا قىلىنغان، ھىدروگېن ماددىسىدىن ”مەندلەيېپ“ جەدۋىلىدىكى 92 ئۇنسۇر مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئوخشاش يول (يەنى بىرلەشتۈرۈش) ئارقىلىق ئاتوم كۈچىنىڭ ئېتىلىشى مەيدانغا كەلگەندۇركى، ئۇنىڭ بىلەن دۇنيا بوشلۇقىدا يۇلتۇزلار پارلايدۇ ۋە قۇياش مەجمۇئەسى ئوت ئالىدۇ.

ھاياتنىڭ ھەممىسى كاربون تەركىبىدىن تەركىپ تاپقىنىغا ئوخشاش (ھايات تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈش بىلەن كۈل بولىدۇ) ۋە ھەممىسى ئوخشاش بىر سىزىق ئىچىدە، پاقا، توشقان، كەپتەر، تىمساھ زىراپە ۋە لەھەڭ ھەممىسىنىڭ يارىتىلىشىدىكى سىزىقى بىر

---

[1] سۈرە ئىخلاس.

ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، پەيلەر، تومۇرلار ۋە يۈرەك ھەممىسى بىر- بىرىنىڭكىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىدۇ، سۆڭەكلىرىمۇ ئوخشاش، بىرىنىڭ سۆڭىكى يەنە بىرىدە تېپىلىدۇ، كەپتەردىكى قانات پاقىدىكى قولنىڭ ئۆزى. ئازغىنا ئۆزگىرىش بولسىمۇ، يەنە سۆڭەك بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. زىراپىنىڭ بوينى ئۇزۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بويىنىدىكى يەتتە پەينىڭ ئۆزى قۇندۇزنىڭ بويىنىدىمۇ بار، ھەممىسىنىڭ مېڭىسى بىر، ھېس تومۇرلىرى ۋە ھەرىكەت تومۇرلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئاشقازان ھەممىسىدە 12 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىنچىكە ۋە قېلىن دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. نەسىللىنىش ئورگىنى ھەم ئىسپىرما ساقلىغۇچى، بالىياتقۇ، دوۋساق، ئۇنىڭ قاناللىرى، سۈيدۈك ئورگىنى، سۈيدۈك خالتىسى، سۈيدۈك يېلىدىن ئىبارەت. ئونىڭدىن كېيىن، ھەممىسىدىكى ئورگان بېكىنمە ھۈجەيرىدۇر. جانلىقلاردىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆزى ئۆسۈملۈكلەردىمۇ ئوخشاش سۈپەتلەردە مەۋجۇت. نەپەس ئالىدۇ، كۆپىيىدۇ، ئۆلىدۇ ۋە تىرىلىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ياراتقۇچىنى بىر دېيىشىمىزنىڭ قانداق غەلىتىلىك ۋە ئەجەبلىنەرلىك يېرى بار؟ ئۇنىڭ بىرلىكىگە يارىتىلىشتىكى ئۇسلۇبلارنىڭ بىر بولۇشى دالالەت قىلمامدۇ؟

ئەگەردە بىردىن زىيادە ئىلاھ بولسا ئىدى، ئۇلار بىر- بىرى بىلەن ئىختىلاپلاشقان بولاتتى، ھەر ئىلاھ

ئۆزىنىڭ ياراتقىنىنى ئۇستۇن بىلەتتى. ئۇنداقتا، زېمىن تامامەن بۇزۇلغان بولاتتى.

اللە تائالا كىبرىيا (يەنى ھەممىدىن چوڭ) ۋە جەبرۇت (يەنى ھەممىگە كۈچى يەتكەن) دېگەن سۈپەتلەرگە ئىگە، بۇ سۈپەتلەر باشقا بىرىنىڭ شېرىك بولۇشىنى قوبۇل قىلمايدىغان سۈپەتلەردۇر.

تونۇشىمىز بىزنىڭ اللە تائالا ھەققىدىكى رەبۇبىيەت چۈشەنچىمىزنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: چوڭ ـ كىچىك ھەممە نەرسىگە ئارىلىشىدىغان، ھايۋاننىڭ بېشىدىن تۈتىدىغان، ھەرىلەرگە تاغلاردىن ماكان تۈتۈشلىرىنى ۋەھيي قىلىدىغان، دەرەختىن چۈشكەن ھەر بىر يوپۇرماقنى بىلمەي قويمايدىغان، ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ چىققانلا مېۋىنىڭ سانىنى ئالىدىغان، ھەرقانداق چىشى جىنس ئۈنىڭ ئىلمى بولماستىن قورساق كۆتۈرمەيدىغان ۋە تۇغمايدىغان، پۈت ئازگالغا چۈشسە، ئۇ چۈشۈرىدىغان، تاماقتا چىۋىن چۈشسە، ئۇ چۈشۈرىدىغان، تېلېفون ئۈزۈلسە، ئۇ بۇزۇپ قويغان بولىدىغان، يامغۇر ياغمىسا، يامغۇرنى ئۇ توسۇپ قويىدىغان، يامغۇر ياغسا، ئۇ ياغدۇرغان بولىدىغان، قانداق رەب بۇ؟!! سىلەر بۇ چۈشەنچەڭلار بىلەن ئىلاھىڭلارنى ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا مەشغۇل قىلىپ قويغان بولماسىلەر؟

سورىغۇچىنىڭ ئىدىيىسىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسئۇلىيەتلەردىن يىراق، پات ـ پات ئارام ئېلىۋالىدىغان، ئۆزى ياراتقان دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەخلۇقاتنىڭ بىر ـ بىرىنى يەپ تۈگىتىشى بىلەن

كارى بولمايدىغان بىر ئىلاھنىڭمۇ ئىلاھ بولۇشقا بەكرەك لايىق ئىكەنلىكىنى كاللامدىن ئۆتكۈزەلمىدىم.

سورىغۇچى ئىدىيىسىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قاچىدىغان، ئۆزى ياراتقان دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ بىر- بىرىنى يەپ تۈگىتىشىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى بىخارامان ئارام ئالىدىغان بىر ئىلاھنى تېخىمۇ بەك قۇدرەتلىك ئىلاھ دېمەكچىمۇ؟

ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىشسىز، ھوشسىز، ئىشتىمەيدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە مەخلۇقاتى بىلەن كارى بولمايدىغان ئىلاھ تېخىمۇ ئەۋزەل ئىلاھمۇ؟ يەنە سورىغۇچىنىڭ بەزى شەيئىلەرنىڭ ئىلاھ پەرۋىش قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئاددى، بەزى شەيئىلەرنىڭ ناھايىتى مۇھىم ۋە ئىلاھ پەرۋىش قىلمىسا بولمايدىغان شەيئىلەرنى بىلىش ھەددىمۇ؟

سورىغۇچىنىڭ نەزىرىدە كىچىك بىر چىۋىننىڭ تاماقتا چۈشۈپ كېتىشى ۋە ياكى چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئانچە مۇھىم ئەمەس. ھالبۇكى، ئەشۇ كىچىك چىۋىننىڭ تاماقتا چۈشۈپ كېتىشى پۈتۈن بىر تارىخنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. چىۋىن چۈشكەن تاماق مىكروپلىنىپ، ئۇ تاماقتىن غىزالانغان قوشۇنغا يۇقۇملۇق مىكروپ تارقاپ، پۈتۈن قوشۇن ھالاك بولۇشى ۋە قارشى تەرەپ قوشۇنغا يېڭىلىپ، شۇ ئاددى بىر سەۋەب بىلەن تارىخنىڭ تارازىسى پۈتۈنلەي ئاستىن -

ئۇستۇن بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۈيۈك ئىسكەندەر (زۇلقەرنەين)نى بىر پاشا ئۆلتۈرۈپ قويغان ئەمەسمۇ؟!

ئەڭ ئاددىي دەپ قارالغان نەرسىلەر ئەڭ خەتەرلىك نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئەڭ خەتەرلىك دەپ قارالغان نەرسىلەر ھېچنەرسىگە ئەرزىمەسلىكى مۇمكىن. ھەر شەيئىنىڭ قىممىتىنى پەقەت غەيبنى بىلگۈچى اللە بىلىدۇ. سورىغۇچى ئۆزىنى اللەقا قابىلىيەتلىرىنى بەلگىلەپ بەرگۈچى ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلماقچىمۇ؟ پەرۋەردىگارىمىز بۇنىڭغا ئوخشاش تەسەۋۋۇرلاردىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر.

ئىلاھلىققا لايىق بولغۇچى كائىناتىدىكى ھەر شەيئىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى بىلگەن، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھېچبىر زەررە ئىلمىنىڭ سىرتىدا قالمىغان، ھەممىنى ئىشىتىدىغان، تەلەپلەرنى ئىجابەت قىلىدىغان ۋە مەخلۇقاتىنى پەرۋىش قىلىدىغان زاتتىن باشقىسى ئەمەس.

”ئەگەر اللە مېنىڭ پېئىللىرىمنى ئالدىنئالا تەقدىر قىلىۋەتكەن بولسا، نېمە ئۈچۈن مەندىن ھېساب ئالىدۇ؟“

تونۇشۇم بۇ سوئالى ئارقىلىق مېنىڭ بوينۇمدىن چىڭ تۇتۇۋالغانلىقىنى، بۇ قېتىم قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، بۇ ھالىمدىن ئۆز ئىچىدە خۇشال ھالدا: ”سىلەر: اللە ئۆز ئىگىلىكىدىكى ھەرقانداق نەرسىنى قازا ۋە قەدەر بىلەن جارى قىلدۇرىدۇ، اللە بىزنىڭ پېئىل ـ

ھەربىكەتلىرىمىزنى ئالدىنئالا تەقدىر قىلىپ بولغان دەيسىلەر. مېنىڭ ھالىم مۇشۇنداق تۇرسا، مېنىڭ ھەممە ئىش ـ ھەربىكىتىم اللهنىڭ دەرگاھىدا تەقدىر قىلىنىپ بولغان بولسا، ئۇ نېمە ئۈچۈن مەندىن ھېساب سورايدۇ؟ ماڭا يەنە بۇرۇنقىدەك: ساڭا ئىختىيارلىق بېرىلگەن، ـ دېمەڭ، چۈنكى بۇ بىر يالغانچىلىقكى، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ يالغانچىلىق يوقتۇر. مېنىڭ دۇنياغا كېلىشىم، قاچان ۋە قەيەردە تۇغۇلۇشۇم، جىنسىيىتىمنىڭ قىز ياكى ئوغۇل بولۇشى، بويۇمنىڭ ئېگىز ياكى پاكار بولۇشى، رەڭگىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدا ماڭا ئىختىيارلىق بېرىلدىمۇ؟ قۇياش ۋە ئاي مېنىڭ ئىختىيارلىقىم بىلەن چىقىپ، پاتامدۇ؟ مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئۆلەمدىمەن؟ الله نېمە ئۈچۈن مېنى بىر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ، ئاندىن مەندىن ھېساب ئالىدۇ؟ ئەگەر سىز: سەن ھۆر، اللهنىڭ ئىرادىسىنىڭ يېنىدا سېنىڭمۇ جۈزئى ئىختىيارلىقىڭ بار، ـ دېسىڭىز، ئۇنداقتا، اللهنىڭ ئىرادىسىگە شېرىك قوشقان بولمامسىز؟ ئۇنىڭدىن كېيىن، شەرت ـ شارائىتلار، ماددىزىمچىلار ۋە تارىخچىلار داۋا قىلىدىغان رېئاللىقلار توغرىسىدا نېمە دەيسىز؟“ دېدى.

تونۇشۇم بۇ ئوقلارنى ماڭا ئاتتى، مېنىڭ بۇ ئوقلار بىلەن ئۆلۈپ تۆگەشكەنلىكىمنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭا كېيەن ھازىرلاشتىن باشقا بىر ئىش قالمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، خۇشاللىقىدىن بىر ئۇھ تارتتى.

مەن ئۇنىڭغا سىلىق بىر ئۇسلۇب بىلەن مۇنداق دېدىم:

سىز بىر قانچە جەھەتتىن خاتالاشتىڭىز. سىزنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىڭىز اﷲنىڭ دەرگاھىدىكى كىتابتا مەلۇم، ئەمما ئۇلار سىزگە مەجبۇرىي تەقدىر قىلىنغان ئەمەس، ئۇلار پەقەت اﷲنىڭ ئىلمىدە تەقدىر قىلىنغان. مەسىلەن، سىز ئوغلىڭىزنىڭ زىنا قىلىشىنى تەقدىر قىلىسىز، ئوغلىڭىز كېيىن ھەقىقەتەن زىنا قىلىدۇ. سىز ئۇنى بۇ ئىشقا مەجبۇرلىدىڭىزمۇ ياكى سىز ئۇنى ئۆز ئىلمىڭىزدە تەقدىر قىلغان ئىدىڭىز ۋە ئىلمىڭىز توغرا چىقتىمۇ؟

سىزنىڭ ئىختىيارلىق ھەققىدىكى: ”بۇ بىر يالغانچىلىق“ دېگەنلىكىڭىز ۋە بۇنىڭغا سىزنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭىز، تۇغۇلغان ۋاقىت ۋە ئورنىڭىز، جىنسىيىتىڭىز، بويىڭىزنىڭ ئېگىز ـ پاكارلىقى، رەڭگىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىنىڭ ئىختىيارلىقىڭىزدا بولماسلىقى ۋە قۇياش بىلەن ئاينى چىقىرىپ ـ پاتقۇزۇش ئىختىيارلىقىغا ئىگە بولالماسلىقىڭىزنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈشىڭىزنىڭ ئۆزى پۈتۈنلەي خاتالىق.

بۇ قېتىمقى خاتالىقىڭىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، سىز مۇتلەق ھۆرلۈكتىن ئېغىز ئېچىۋاتىسىز، بىز مۇئمىنلەر سىز تەسەۋۋۇر قىلغان مۇتلەق ھۆرلۈكنى تەسەۋۋۇر قىلمايمىز.

سىز مۇتلەق ھۆرلۈكتىن سۆز ئېچىپ: ”مەن ئۆزەمنى ئاق ياكى قارا، ئېگىز ياكى پاكار يارىتالامدىمەن، قۇياشنى ئۆز ماكانىدىن قوزغىيالامدىمەن ياكى پەلەك دائىرىسىنى ئۆزگەرتەلەمدىمەن؟ مېنىڭ ھۆر ئىرادەم نەدە؟“ دەيسىز.

بىز دەيمىزكى: سىز بىزدىن مۇتلەق ھۆرلۈك ۋە كائىناتقا ھۆكۈم قىلىشنى سورايسىز، بۇ يالغۇزلا اللهنىڭ ھەققى. بىز بۇنداق ھۆرلۈكنى داۋا قىلمايمىز. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَاء وَيَخْتَارُ مَا كَانَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ﴾ ﴿الله خالىغىنىچە يارىتىدۇ ۋە تاللايدۇ، تاللاش ھوقۇقى مەخلۇقاتىدا ئەمەس﴾[1].

يارىتىش مەسىلىسىدە ھېچكىمگە ئىختىيارلىق بېرىلمىگەن. چۈنكى الله ئۆزى خالىغىنىچە يارىتىدۇ ۋە ئىختىيار قىلىدۇ. الله بويىڭىزنىڭ پاكارلىقىدىن ھېساب ئالمايدۇ، ئېگىزلىكىڭىزگە كايىمايدۇ. قۇياشنى پەلەك دائىرىسىدە توختىتالمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى ھەرگىزمۇ جازالىمايدۇ.

بىز داۋا قىلغان ھۆرلۈك اللهنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش ياكى قىلماسلىق توغرىسىدا بولۇپ، بىز مۇنۇ چەك ـ چېگرا ئىچىدە سۆز قىلالايمىز:

---

[1] سۈرە قەسەس، 68 ـ ئايەت.

شەھۋىتىڭىزنى باستۇرۇش، ئاچچىقىڭىزنى يۈگەنلەش، يامان نىيىتىڭىزنى چەكلەپ، ياخشىلىققا بولغان مەيلىڭىزنى ئۈندەشتە سىز ھۆر. مېلىڭىز ۋە جېنىڭىزدا سېخىيلىق قىلالايسىز. توغرا سۆزلىيەلەيسىز، يالغانمۇ ئېيتالايسىز. قولىڭىزنى ھارام مالدىن يىغالايسىز. كۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئەۋرەتلىرىدىن توسالايسىز. تىلىڭىزنى يامان سۆزدىن، غەيۋەتتىن ۋە چېقىمچىلىقتىن تۇتالايسىز. بىز بۇ ساھەلەردە ھۆر. مانا مۇشۇ جەھەتلەردىن ھېساب ئېلىنىمىز ۋە سورىلىمىز.

بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان ھۆرلۈك مۇتلەق ھۆرلۈك ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ اللهنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش ياكى قىلماسلىقى توغرىسىدىكى نىسبىي ھۆرلۈكتۇر.

مانا بۇ ھۆرلۈك ھەقىقىي، رېئال ھۆرلۈكتۇر. ئىچىمىزدىكى يارىتىلىشىمىزدا بار بولغان تەبىئىي ھېس - تۇيغۇلىرىمىز بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. بىز مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئالىمىز، خاتالىققا پۇشايمان قىلىمىز، ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ھوزۇرلىنىمىز. بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە ئېھتىماللىقنى ئۆلچەپ، بىر ئىختىيارغا كېلىمىز. بىزنىڭ ئەقلىمىزنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى بىر قانچە نەرسىنى ئۆلچەپ، مۇناسىپ بولغىنىنى ئىختىيار قىلىش ۋە تاللاشتۇر.

قولىمىزنىڭ تەپ كېيىنلىدىن تىترىگەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمىزدەك، خاتا ئىش قىلغاندىمۇ تىترىگىنىنى ھېس قىلىمىز. بىز: بىرىنچى ھەرىكەت مەجبۇرى، ئىختىيارسىز ھەرىكەت، ئىككىنچىسى ھۆر ۋە ئىختىيارى ھەرىكەت، ـ دەيمىز. ناۋادا بىز ھەر ئىككىسىدە مەجبۇرى بولغان بولساق، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ھېس قىلمىغان بولاتتۇق.

بۇ ھۆرلۈكنىڭ بارلىقىنى قەلبىمىزنىڭ ھېچبىر بېسىم ئاستىدا بىر شەيئىگە مەجبۇرلاشنىڭ مۇمكىن بولماسلىقىنى ھېس قىلىشىمىز تەكىتلەيدۇكى، بىر ئايال تاياق ياكى قورقۇتۇش بىلەن كىيىملىرىنى سېلىشقا مەجبۇرلىنىشى مۇمكىن، لېكىن سىز ھەرقانداق بېسىم ياكى تەھدىت ئارقىلىق بىراۋنى چىن يۈرىكىدىن سۆيدۈرەلمەيسىز. مانا بۇ، الله تائالانىڭ دىللىرىمىزنى زورلاش ۋە مەجبۇرلاشنىڭ ھەممە تۈرى ۋە خىللىرىدىن ئازات قىلىپ، ھۆر ياراتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله دىل بىلەن نىيەتنى ھۆكۈملەرنىڭ مەركىزى قىلدى. قىيىن ـ قىستاق ۋە تەھدىتلەر ئاستىدا شېرىك ۋە كۇفرى سۆزلىرىنى قىلغان بىر مۇئمىندىن دىلىدا ئىمانىنى ساقلاپ قالالىسىلا ھېساب ئېلىنمايدۇ. الله تائالا ئەنە شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان مۇئمىندىن ھېساب ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿إِلاَّ مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالإِيمَانِ﴾ ﴿قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ، مەجبۇرلاش ئاستىدا ئىماندىن يانغانلىقىنى

بىلدۈرگەنلەر اللهنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن مۇستەسنا﴾[1].

مەسىلە ھەققىدىكى ئىككىنچى خاتالىق شۇكى، بەزى كىشىلەر ئىنسان ھۆررىيىتىنى اللهنىڭ خالىشى ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىپ، “ئىنساننىڭمۇ ھۆررىيىتى بار” دېگەن ئىبارىنى “اللهقا شېرىك كەلتۈردى”، “اللهقا اللهتەك ئەمر قىلىدىغان، اللهتەك ھۆكۈم قىلىدىغان ئورتاقلار پەيدا قىلدى” دەپ تۆھمەت قىلىدۇ. سىزمۇ شۇنداق چۈشىنىپ، ئىختىيارلىقنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى دەۋاتىسىز. بۇ بىر خاتا چۈشەنچە، چۈنكى ھېچبىر ئىختىيارلىق اللهنىڭ ئىختىيارلىقىدىن ئۈستۈن ئەمەس.

ئىنسان ئۆز ھۆرلۈكى بىلەن اللهنىڭ ھۆرلۈكىگە زىت ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ اللهنىڭ ئىختىيارلىقىغا زىت ھېچ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

الله بىزگە ئۆزىنىڭ رىزاسىدىن ئۈستۈن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىش ھۆررىيىتىنى بەردى. لېكىن ئۇ اللهنىڭ ئىختىيارىغا ئۈستۈن بولۇشىنى ھېچكىمگە بەرمىدى. مانا بۇ، ئىنساننىڭ نىسبىي ھۆرلۈكىنىڭ بارلىقىنىڭ نامايەندىسى.

---

[1] سۈرە نەھل، 106 ـ ئايەت.

بىزدىن سادىر بولغان ھەر بىر پىئىل اللەنىڭ رازىلىقى ۋە شەرىئەتكە خىلاپ بولسىمۇ ، اللەنىڭ ئىرادە ـ مەئىشىتىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

بىزنىڭ ھۆررىيىتىمىزنىڭ ئۆزى اللە بىزگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرگەن ئىلاھىي نېمەتتۇر. بىز بۇ نېمەتنى ئۇنىڭدىن مەجبۇرى ۋە زورلۇق بىلەن تارتىۋالمىدۇق.

بىزنىڭ ھۆررىيىتىمىز اللەنىڭ ئىرادە ـ مەشىئىتىنىڭ ئەينىسىدۇر، چۈنكى اللە مۇنداق دېدى: ﴿وَمَا تَشَاؤُونَ إِلا أَن يَشَاء اللَّهُ﴾ ﴿سىلەر پەقەت اللە ئىختىيار قىلغاننىلا ئىختىيار قىلىسىلەر﴾[1].

چۈنكى بىزنىڭ ئىختىيارىمىز ئۇنىڭ ئىختىيارىنىڭ ئىچىدە، ئۇنى بىزگە اللە ئۆز پەزلى ۋە ئىكرامىدىن بەرگەن ۋە اللەنىڭ ئىرادىسى ئىچىدىكى بىر ھەدىيە. بۇنىڭدا ئىككىلىك يوق، زىتلىقمۇ يوق، اللەنىڭ ئەمرى ۋە ھۆكمى بىلەن بەسلىشىشمۇ يوق.

بۇ مەنىدىكى ھۆررىيەتنىڭ بارلىقىنى ئېيتىش تەۋھىدكە خىلاپ ئەمەس، اللەقا ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش ھۆكۈم قىلىدىغان ۋە ئەمرىگە ئوخشاش ئەمر قىلىدىغان ئورتاقلارنى قوشۇۋالغانلىقمۇ بولمايدۇ، بىزنىڭ ھۆررىيىتىمىز اللەنىڭ ئىرادە ـ مەشىئىتى ۋە ھۆكمىنىڭ ئۆز ئەينىسىدۇر.

---

[1] سۈرە ئىنسان، 30 ـ ئايەت.

خاتالىقنىڭ ئۈچىنچى تەرىپى: قازا ۋە قەدەر، مەجبۇرىيەت ۋە ئىختىيار مەسىلىلىرى ھەققىدە بەھس قىلغان بەزى كىشىلەر قازا ۋە قەدەرنى ئىنساننى مىجەزى ۋە تەبىئىتىگە زىت شەيئىلەرگە زورلاش مەنىسىدە چۈشىنىۋالىدۇ، بۇ بىر خاتادۇر، سىزمۇ شۇ خاتاغا چۈشۈپ قالدىڭىز. اللّٰه تائالا ئۆزىنىڭ مەجبۇرلىمايدىغانلىقىنى ئايەتلىرىدا ئوپئوچۇق بايان قىلماقتا: ﴿إِن نَّشَأْ نُنَزِّلْ عَلَيْهِم مِّن السَّمَاء آيَةً فَظَلَّتْ أَعْنَاقُهُمْ لَهَا خَاضِعِينَ﴾ ﴿ئەگەر بىز خالايدىغان بولساق، ئۇلارغا ئاسماندىن بىر ئايەت نازىل قىلاتتۇق، ئاندىن ئۇلار ئۇ ئايەتكە ئەبەدىي باش ئەگكەن بولاتتى﴾[1].

ئايەتنىڭ مەنىسى ئوچۇق، ئىنسانلار مەجبۇرى ئىمانغا زورلىنىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن بىز ئۇنداق قىلمىدۇق، چۈنكى بىزنىڭ قانۇنىيىتىمىزدە زورلاش يوق. ﴿لاَ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَد تَّبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ﴾ ﴿دىندا زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى﴾[2].

﴿وَلَوْ شَاء رَبُّكَ لآمَنَ مَن فِي الأَرْضِ كُلُّهُمْ جَمِيعًا أَفَأَنتَ تُكْرِهُ النَّاسَ حَتَّى يَكُونُواْ مُؤْمِنِينَ﴾ ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟﴾[3].

---

[1] سۈرە شۇئەرا، 4 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 256 ـ ئايەت.

[3] سۈرە يۇنۇس، 99 ـ ئايەت.

اللەنىڭ قانۇنىدا مەجبۇرلاش يوقتۇر. ”قازا ۋە قەدەر“نى ئىنسانلارنى تەبىئەتلىرىگە زىت شەيئىلەرگە مەجبۇرلاش دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. ئەكسىچە، اللە ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ نىيىتىنىڭ جىنسىدىن ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ خالىشىنىڭ ئۆز جىنسىدىن خالايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىلىرىنىڭ ئۆز جىنسىدىن ئىرادە قىلىدۇ، اللە ھەر كىشىنى ئۆزىنىڭ دىلىنىڭ خاھىشى ۋە نىيىتىگە قارىتا ماڭدۇرىدۇ. ﴿مَن كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ الْآخِرَةِ نَزِدْ لَهُ فِي حَرْثِهِ وَمَن كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ الدُّنْيَا نُؤْتِهِ مِنْهَا﴾ ﴿كىمكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز﴾[1]؛ ﴿فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَهُمُ اللّهُ مَرَضاً﴾ ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، اللە ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى﴾[2]؛ ﴿وَالَّذِينَ اهْتَدَوْا زَادَهُمْ هُدًى﴾ ﴿ھىدايەت تاپقانلارنى اللە تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ﴾[3].

اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە ئەسىرلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِن يَعْلَمِ اللّهُ فِي قُلُوبِكُمْ خَيْرًا يُؤْتِكُمْ خَيْرًا مِّمَّا أُخِذَ مِنكُمْ﴾ ﴿ئەگەر اللە دىلىڭلاردا ئىمان بارلىقىنى بىلسە (يەنى دىلىڭلاردا ئىمان بولسا، اللە ئۇنى بىلىدۇ)،

---

[1] سۈرە شۇرا، 20 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 10 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مۇھەممەد، 17 ـ ئايەت.

سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن ئېلىنغان فىدىيەدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ﴾[1].

الله ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە تەقدىر قىلىدۇ، ھۆكمى ۋە تەقدىرىنى نىيەت ۋە دىلغا قاراپ جارى قىلدۇرىدۇ، يامان بولسا يامانلىق، ياخشى بولسا ياخشىلىق.

الله بىزنى، بىز دىلىمىز ۋە نىيىتىمىز بىلەن ئىختىيار قىلغانغا مۇيەسسەر قىلىدۇ. تەبىئىتىمىزگە خىلاپ ھالدا بىزنى زورلىمايدۇ، مەجبۇرلىمايدۇ ۋە قىستىمايدۇ. ﴿فَأَمَّا مَن أَعْطَى وَاتَّقَى. وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَى. فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَى. وَأَمَّا مَن بَخِلَ وَاسْتَغْنَى. وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَى. فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْعُسْرَى﴾ ﴿پۇل ـ مېلىنى اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، كەلىمە تەۋھىدنى تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ اللهنىڭ ساۋابىدىن ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز﴾[2].

﴿وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَكِنَّ اللّهَ رَمَى﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد بىر سىقىم تۇپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) الله ئاتتى﴾[3].

---

[1] سۈرە ئەنفال، 70 ـ ئايەت.

[2] سۈرە لەيل، 5 ـ دىن 10 ـ ئايەتكىچە.

[3] سۈرە ئەنفال، 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ يەردە بەندىنىڭ ئېتىشى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن تەقدىر قىلىنغان ئېتىشتۇركى، ئىككى قېتىم ئېتىش بىر قېتىم ئېتىش ھېسابلانغان. قازا ۋە قەدەر مەسىلىسىنىڭ ئاچقۇچى بۇدۇر. بەندە نىيەت قىلىدۇ، اللە ئۇنىڭ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ياخشى بولسا ياخشىلىققا، يامان بولسا يامانلىققا (يۈزلەندۈرىدۇ).

ئىنسان ھۆررىيىتى ئالدىنئالا تەقدىر قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ئۇ كەم ـ زىيادىلىككە ئۇيغۇن نىسبىي بىر تەقدىردۇر.

ئىنسان بىلىم بىلەن ئۆزىنىڭ ھۆررىيىتىنى كۆپەيتەلەيدۇ، ئىنسان ھەرخىل ۋەسىلە، قورال ۋە قاتناش ۋاستىلىرىنى ئىجاد قىلىپ زېمىننى قاتلاشقا، مۇساپىلەرنى يېڭىشكە، زامان ۋە ماكان شەرتلىرىنى بوسۇشكە قادىر بولالىدى. تەبىئەت قانۇنلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشقا، ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە مۇسەخخەر قىلىشقا قادىر بولالىدى. ئىسسىق، سوغۇق ۋە قاراڭغۇنى يېڭىشنىڭ يولىنى تېپىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەربىر ساھەسىدە ھۆررىيىتىنى قاتمۇقات ئاشۇردى.

ئىلىم ئىشكەل ـ قۇلۇپلارنى چېقىش ۋە ھۆررىيەتلەرنى ئازات قىلىشنىڭ ۋەسىلىسى ئىدى.

ھۆررىيەتنى ئاشۇرىدىغان ۋەسىلىلەرنىڭ ئىككىنچىسى دىندۇر.

ئىنسان اللە تائالاغا يېقىنلىشىپ ھۆررىيەتنى كېڭەيتەلەيدۇ، اللە تائالادىن ۋەھى ئارقىلىق ئالالايدۇ. بۇ،

پەيغەمبەرلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدىكى كىشىلەرنىڭ ۋەسىلىسى.
سۇلايمان ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ياردىمى بىلەن جىننى ئۆزىگە مۇسەخخەر قىلدى (بويسۇندۇردى)، شامالغا مىندى، قۇشلار بىلەن سۆزلەشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام دېڭىزنى ئىككىگە بۆلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈردى، سۇ ئۈستىدە ماڭدى، ئاق كېسەللەرنى، ماخاۋ ۋە كورلارنى ساقايتتى.
زېمىن قاتلىنىپ بېرىپ، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى قىسقىغىنە زاماندا بېسىپ ئۆتەلەيدىغان ۋە باشقىلار كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيدىغان ئەۋلىيالارنىڭ قىسسىلىرىنى ئوقۇيمىز.
بۇلار ھۆررىيەتنىڭ دەرىجىلىرىدۇركى، ئۇلار بۇنى اللهقا ئىبادەت قىلىپ يېقىنلىشىش ئارقىلىق تاپتى، الله ئۇلارغا مەخپى ئىلىملىرىدىن بەردى.
بۇ باشقا بىر ئىلىم بولسىمۇ، لېكىن بۇ الله تەرىپىدىن خۇسۇسىي بېرىلگەن ئىلىمدۇر.
شۇڭا ئىمام غەززالى ئىختىيار بىلەن مەجبۇرىيەت مەسىلىسىنى مۇنۇ ئىككى سۆز بىلەن خۇلاسىلىگەن: ”ئىنسان بىلگىنىدە ھۆر، بىلمىگەندە مەھكۇم“.
مادىدىزىمچى مۇتەپەككۇرلار شۇنىڭدا بەك خاتالىشىدۇكى، ئۇلار ئىنساننى تارىخنىڭ ۋە سىنىپىيلىشىشنىڭ ئەسىرى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنى باش ـ ئايىغى يوق، تۈگىمەس ھالقا ھېسابلايدۇ. ئىقتىسادى قانۇنلار ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرىكىتىگە

بويسۇنۇشتىن باشقا، چارىسىز، ئىككى قولى باغلانغان ۋە ئىرادىسىز، شامالدا بىر ئۇ تەرەپكە، بىر بۇ تەرەپكە ئۇچۇپ يۈرىدىغان، قۇرۇق - قاقشال تېرىگە ئوخشىتىدۇ.

ئۇلار ھەر زامان داۋا قىلىدىغان ۋە سۆزلەپ ئاغزى تالمايدىغان نەرسە بولسا، شەكسىز سىنىپىي زىددىيەت قانۇنىدۇركى، بۇ قانۇن ئىلمىي قائىدىگە ئاساسەن، ئىلمىيلىكتىن يىراق ۋە خاتا ئۇقۇمدۇر. چۈنكى ئىنسانىيەت ساھەسىدە شەكسىزلىكلەر يوقتۇر. ئىنسانىيەت ساھەسىدە پەقەت بىرقانچە ئېھتىماللارنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇن بولغاننى ئىختىيار قىلىش قائىدىسى بار. مانا بۇ ئىنسان بىلەن تېرىقچىلىق ۋاستىلىرى ۋە ماددى جىسىملار ئارىسىدىكى پەرق. كۈننىڭ تۇتۇلۇشىنى مىنۇت ۋە سېكۇنت بىلەن تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. كېلەچەكتىكى ھەرىكەتلىرىنىمۇ تەخمىن قىلىش مۇمكىن. ئەمما ئىنساننىڭ كۆڭلىدە نېمىنى يوشۇرىدىغانلىقى ۋە ئەتە - ئۆگۈن نېمە قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. پەقەت بۇلارنى تولۇق مەلۇمات توپلىغاندا ئېھتىمال ۋە تەخمىن تەرىقىسىدە بىلگىلى بولىدۇ.

كارل ماركسنىڭ پەرەزلىرىنىڭ ھەممىسى خاتا چىقتى، كوممۇنىزم ئۇ پەرەز قىلغاندەك، تەرەققى قىلغان دۆلەتتە باشلىماي، قالاق بىر دۆلەتتە باشلىدى. كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك كۈچەيمەستىن، بەلكى ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ، تىنچلىق بىلەن ياشاش

ھالىتىگە كېلىشىدىن زىيادە، كوممۇنىست دۆلەتلەر ئامېرىكا كاپىتالىزمىغا ئىشىكلىرىنى ئاچتى. كارل ماركس تەخمىن قىلغاندەك، كاپىتالىست دۆلەتلىرىدىكى زىتلىقلار ئۇ دۆلەتلەرنى رەزىل قىلدۇرمىدى. ئەكسىچە كاپىتالىست دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى بېيىپ، شەخسىي كىرىملىرى بەكمۇ يۇقىرى دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. كوممۇنىست دۆلەتلەردە بولسا ئىختىلاپلار، پارچىلىنىش ۋە قالايمىقانچىلىق مەيدانغا كەلدى.

كارل ماركسىنىڭ ”سىنىپىي زىددىيەت“ دېگەن پىكرىنىڭ خاتالىقىنى رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى قانلىق توقۇنۇشلار ئىسپاتلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كارل ماركسىنىڭ ماددىزىمچە ھېساۋاتىنىڭ رېئاللىقتا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنىڭ ئىسپاتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ھۆر مەخلۇق ئىكەنلىكى ۋە ھۆررىيىتىنىڭ ھەقىقى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى ماددىلارنىڭ ئىچىدىكى ئىرادىسىز بىر چىۋىن بىلەن باراۋەر قىلىش پىكرىنىڭ خاتالىقىدىن كېلىپ چىقتى. ئەمما ماددىزىمچىلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە مۇھىتلاردىن سۆز باشلاپ: ”ئىنسان يالغۇز ياشىمايدۇ، ئۆز ھۆررىيىتى بىلەن بىھۇدە ھەرىكەت قىلمايدۇ“ دېگەن سۆزىگە بىزنىڭ جاۋابىمىز شۇدۇر: تەبىئەت، جەمئىيەت، شەرت ـ شارائىت ۋە مۇھىتلاردىن ئىبارەت ئىنسان ھۆررىيىتىنى كۈچلەندۈرگۈچى ئامىللارنىڭ ھۆكمى بولسا، ئەسلىدە ئىنسان ھۆررىيىتىدىكى بۇ

مەنىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنى يوققا چىقارمايدۇ. ئىنسان ھۆررىيىتى پەقەت ئۆزىگە قارشىلىق پايدا بولغاندا، ئاندىن ئۆزىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر ئىنسان قارشىلىق بولماستىن بىھۇدە ھەرىكەت قىلىدىغان بولسا، ھەقىقى مەنىدە ھۆر ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئىسپاتلايدىغان ئامىللار يوقتۇر.

# الله نېمە ئۈچۈن يامانلىقنى ياراتتى؟

تونۇشۇم مەسخىرە قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى: ”سىلەر: بىزنىڭ ئىلاھىمىز كامىلدۇر، شەپقەتلىكتۇر، مېھرىباندۇر، - دەيسىلەر. ئۇنداقتا كېسەللىكنى، قېرىلىقنى، ئۆلۈمنى، يەر تەۋرەش پالاكىتىنى، ۋولقاننى، مىكروپنى، قىزىل كېسەلنى، زەھەرنى، چوڭ - كىچىك دېمەيدىغان راك كېسىلىنى ۋە دۇنيادىكى بارلىق زىيانلىق - يامان نەرسە ۋە ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟. ئەگەر الله بەندىلىرىنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان گۈزەل ئىلاھ بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۆچمەنلىك، سەتلىك، قەبىھلىق ۋە يامانلىقنى ياراتتى؟“

تونۇشىمىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر پەلسەپەدىكى ئاساسى مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ، بۇ مەسىلە ھەققىدە پىكىر - ئىدىيەلەر بۆلۈنگەن ۋە ھەرخىل كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بىز ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: الله تائالا ھەقىقەتەن رەھمەت ۋە ياخشىلىق ئىگىسىدۇر، ئۇ ھېچقاچان يامانلىققا بۇيرىمىدى، لېكىن يامانلىقنىڭ بولۇشىغا خاس بىر ھېكمەت تۈپەيلىدىن رۇخسەت قىلدى.

الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يَأْمُرُ بِالْفَحْشَاء أَتَقُولُونَ عَلَى اللّهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ . قُلْ أَمَرَ رَبِّي بِالْقِسْطِ وَأَقِيمُواْ وُجُوهَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ﴾ ﴿الله تائالا بەندىلىرىنى ھەقىقەتەن يامانلىققا بۇيرىمايدۇ، ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى الله تائالا نامىدىن يالغان ئېيتامسىلەر؟ ئى مۇھەممەد! «پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىللىق قىلىشقا بۇيرىدى، ھەربىر سەجدە قىلغىنىڭلاردا يۈزۈڭلەرنى الله تائالاغا يۈزلىنىڭلار» دېگىن﴾[1].

الله تائالا ئادىل بولۇش، بىر ـ بىرىنى سۆيۈش، بىر ـ بىرى بىلەن ياردەملىشىش، ئەپۇچان بولۇش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن باشقىسىغا قەتئى رازى بولمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن زالىمنى زۇلۇم قىلىشقا، قاتىلنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، ئوغرىنى ئوغرىلىق قىلىشقا تاشلاپ قويىدى؟ چۈنكى، الله تائالا بىزنىڭ ھۆر بولۇشىمىزنى خالىدى، ھۆررىيەت خاتالىقنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، توغرا ـ خاتا ۋە ياخشى ـ يامانني تەجرىبە قىلىپ كۆرمىگەن ھۆررىيەتنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق.

الله تائالانىڭ دەستۇرى ۋە قانۇنىدا، ئىنساننىڭ جاپا چېكىپ ئېرىشكەن ھۆررىيىتى، راھەت كۆرۈپ تۇرۇپ تاپقان ھۆررىيەتتىن ئەۋزەل. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله بىزلەرنى خاتالىشىپ ئاندىن جاپا چېكىپ، توغرىنى

---

[1] سۈرە ئەئراف: 28 ـ ۋە 29 ـ ئايەتلەر.

ئۆگىنىشىمىزگە قويۇپ قويدى. مانا بۇ، اللە تائالانىڭ يامانلىق بولۇشىغا رۇخسەت قىلىشىنىڭ ھېكمىتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەرەپ تۇتماستىن، ئىنساپ بىلەن قارايدىغان بولساق، ياخشىلىقنىڭ ئاساسى قائىدە، يامانلىقنىڭ نىسبىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. سالامەتلىك ئاساس، كېسەللىك نىسبىي ئەھۋال. بىز ئۇزۇن ئۆمۈر ساق ـ سالامەت ياشىساق، بۇ ئۇزۇن ئۆمۈر ئىچىدە كېسەل بىزنى قانچە كۈنلۈككىنە زىيارەت قىلىدۇ، بەلكى بەزىلەرگە پەقەتلا يېقىن يولىمايدۇ. يەر شارىنىڭ ئۆمرى مىليونلىغان يىللارغا سوزۇلغان، ئەمما بۇ مىليونلىغان يىللار ئىچىدە بىر قانچە مىنۇت يەر تەۋرەش يۈز بېرىدۇ. ۋولقان ۋە ئۇرۇشلارنىڭ پارتىلىشىمۇ شۇنداق، ئۇرۇشلارمۇ مىللەتلەر ئۇزۇن يىللار تىنچ ياشىغاندىن كېيىن، قىسقا ۋاقىتلىق يۈز بېرىدىغان ئىشلار.

يەنە بىرى، بىز ھەر بىر نەرسىنىڭ بىر ياخشىلىق تەرىپى بار دەپ قارايمىز، كېسەللىك باشقا بالا ـ قازادىن ساقلايدۇ، ئاغرىق بەدەنگە كۈچ يىغىدۇ، تېرىنى قوۋۋەتلەندۈرىدۇ، كەلگۈسىدىكى ئەلەم ۋە ئاغرىققا چىداشقا تەييارلايدۇ. يەر تەۋرەش يەر شارىنىڭ تېگىدىكى بېسىم ماددىلىرىنىڭ تىنىقى بولۇپ، يەر شارىنىڭ تاشقى پوستىنى ھىمايە قىلىدۇ، تاغلار ۋە ئېغىر بېسىملىق ماددىلارنى ئۆز ئورنىغا بېكىتىدۇ. ۋولقانلار يەر شارىنىڭ تېگىدە كۆمۈلۈپ قالغان مەدەن ۋە

بايلىقلارنى سىرتقا پۇسكۇرتىدۇ، زېمىنىنى يۇمشاق تۇپراق ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ.

مىللەتلەر ئارىسىدا مەيدانغا كېلىدىغان قانلىق ئۇرۇشلار بىر تەرەپتىن زىيانلىق بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قانچە مىللەتنى بىرلەشتۈرىدۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئوخشاش چوڭ سورۇنلارنى پەيدا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئەرز - شىكايەتلىرى ۋە كېلىشمەسلىكى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاش، ئوچۇق بەس - مۇنازىرە قىلىش، ھەق تەلەپ قىلىش، زالىم مىللەتلەرنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى قاتارلىق نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. پېنىسىلىن، ئاتوم، ئوق دورىلىرى، راكېتا، ئايروپىلانغا ئوخشىغان ئەڭ مۇھىم سانائەت ۋاستىلىرى ئۇرۇش جەريانىدا كەشپ قىلىندى.

يىلاننىڭ زەھىرىدىن زەھەرلىنىشكە قارشى دورا ياسىلىدۇ. مىكروپنىڭ ئۆزىدىن مىكروپ ئۆلتۈرگۈچى ماددا ياسايمىز.

ئەجدادلىرىمىز ئۆلمىگەن بولسا ئىدى، بىز ھازىرقى ئىش - خىزمەتلىرىمىزدە بولالماس ئىدۇق. دۇنيادىكى يامانلىق رەسىمدىكى سايىگە ئوخشايدۇ، سىز رەسىمگە يېقىندىن قارىسىڭىز، ئۇ سايە سىزگە رەسىمگە ئارتۇقچە قوشۇلۇپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ، ئەمما يىراقتىن قارىسىڭىز، ئۇنىڭ رەسىمگە ھۆسن - جامال

پەيدا قىلىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىسىز.

كېسەل بولمىغان بولساق، ساقلىقنىڭ قەدرىنى بىلەلمەيتتۇق. ساقلىق، بىشىمىزدىكى بىر تاجدۇركى، بىز ئۇنى كېسەل بولمىغىچە بىلەلمەيمىز ۋە كۆرەلمەيمىز.

ئوخشاشلا قەبىھلىك بولمىغان بولسا، گۈزەللىكنى بىلەلمەيتتۇق. تەبىئى ھالىتىمىز بولمىغان بولسا ئىدى، كەم تەبىئەتلىكلەرنى بىلمىگەن بولاتتۇق.

شۇڭا مەشھۇر پەيلاسوپ غەززالى مۇنداق دېگەن: ”ئوقيانىڭ ئەگرى بولۇشى ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ ئۆزى بولغىنىدەك، دۇنيادا كەمچىلىكنىڭ بولۇشىمۇ، ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ ئۆزىدۇر. ئوقيا تۈز بولسا ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئوق ئاتقىلى بولمايتتى“.

جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى شۇكى، پايدىلىق ئىنسانلار بىلەن پايدىسىز ئىنسانلارنى ئايرىپ بېرىدۇ.

جاپا ـ مۇشەققەت بولمىسا ئىدى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى خوجايىن بولۇۋالاتتى، بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىش ئەخلاقى يوقىلاتتى. جاپا ـ مۇشەققەت ئۆزىمىزگە كىملىكىمىزنى تونىتىدىغان ئىمتىھان ۋە اللهنىڭ ئالدىدا مەرتىۋىمىزنى بەلگىلەيدىغان سىناقتۇر.

دۇنيا بىرلا ئەمەس، بىر قانچىلىغان پەسىللەردىن تەركىپ تاپقان رىۋايەتتۇر. ئۆلۈم رىۋايەتنىڭ ئاخىرى ئەمەس، بەلكى باشلانغۇچىدۇر. بىر درامىغا بىرىنچى

پەردىگە قاراپلا ھۆكۈم قىلماسلىقىمىز ۋە بىر كىتابنى بىرىنچى بېتى يارىمىغانلىقى ئۈچۈنلا رەت قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۇنداق ھۆكۈم توغرا ھۆكۈم بولمايدۇ.

ھەممە نەرسىنىڭ ھېكمىتى ئاخىرىدا تولۇق مەلۇم بولىدۇ.

بىزدىن مەسخىرانە شەكىلدە سوئال سوراۋاتقان كىشىنىڭ باشقا ئويلىغانلىرى بار بولغاچقا، بىزدىن بۇ شەكىلدە سوئال سوراۋاتقانمىدۇ؟

ئۇ ئۆلۈم، كېسەللىك، قېرىلىق، كەمچىللىك، ئاجىزلىق، غەم ـ ئەندىشە، جاپا ـ مۇشەققەت، شەرت ـ شارائىت ۋە قانۇنلار بولمىغان بىر ھاياتنى ياشاشنى خالامدىغاندۇ؟

ئۇ، بۇنىڭ بىلەن مۇتلەق مۇكەممەللىكنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن مۇتلەق مۇكەممەللىك اللهقىلا خاستۇر. بىردىن ئارتۇق مۇتلەق مۇكەممەل بولمايدۇ.

ئەمدى بىزمۇ نۆۋەتىمىز بويىچە، تونۇشىمىز ۋە تونۇشىمىزغا ئوخشاش ھېچنېمىنى ياراتمايدىغان، لېكىن جەننەتنى ئارزۇلايدىغانلارنى بىر مەسخىرە قىلىپ ئۆتەيلى:

ئۇ جەننەتنى ئارزۇ قىلغۇچىلار، جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق بولۇشلىرى ئۈچۈن نېمە قىلدى؟ ئۆزىنى بىر شەيئىگە بول دېسىلا بولۇپ كېتىدىغان، ھەممىگە قادىر اللهنىڭ ئورنىغا قويۇۋالغان تونۇشىمىز، ئىنسانىيەت ئۈچۈن نېمىنى قىلىپ بەردى؟

”ياخشىلىق اللهتىن، يامانلىق ئۆزىمىزدىن“ دەيدىغان چوڭ ئانام فرانسىيەدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بۇ تونۇشىمىزدىنمۇ ئەقىللىق ئىدى.

چوڭ ئانامنىڭ ئازغىنە كەلىمىلەردىن تەركىب تاپقان بۇ سۆزى پۈتۈن مەسىلىنىڭ خۇلاسىسى. الله شامال چىقىرىپ، دەريانى ئاققۇزدى. ئەمما كېمىنىڭ ئاچكۆز - ناچار ئىگىسى كېمىگە ئارتۇقچە يولۇچى ۋە يۈكلەرنى ئالغانلىقى تۈپەيلىدىن كېمە دۆم بولۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇ الله تائالانى، قازا ۋە قەدەرنى تىللاشقا باشلىدى. اللهنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ الله تائالا شامالنى ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئەۋەتتى، دەريانى ياخشىلىق ئۈچۈن ئاققۇزدى، لېكىن كېمىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئاچكۆزلۈكى ۋە ناچارلىقى بۇ ياخشىلىقنى يامانلىققا ئايلاندۇرىۋەتتى.

”ياخشىلىق اللهتىن، يامانلىق ئۆزىمىزدىن“ دېگەن سۆز نېمىدېگەن گۈزەل ۋە توغرا سۆز - ھە؟!

# قۇرئان يەتمەي قالغانلارنىڭ گۇناھى نېمە؟

پروفېسسور تونۇشۇم بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئۇنىڭ پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى بىلەن بېشىمنى تىقىۋېتىدىغان بىر تۆشۈك ئىزدەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئاندىن ئۇ سۆزلىرىنى يىغىنچاقلىغاچ سالماقلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

بولدى، ئەمدى قۇرئان يەتمەي قالغان، كىتاب نازىل قىلىنمىغان ۋە پەيغەمبەرمۇ ئەۋەتىلمىگەنلەرنىڭ گۇناھى نېمە؟ سىلەرچە ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى نېمە بولماقچى؟ ئىككى قۇتۇپنىڭ يىراق جايلىرىدىكى ئېسكىموسلار ۋە ئورمانلىقتا ياشايدىغان نېگىرلارغا ئوخشاش ئىنسانلار قانداق ھېساب بېرىدۇ؟ قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلار ئالدىدىكى بەختى نېمە بولماقچى؟

مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم:

ئالدى بىلەن سىزنىڭ مەلۇماتىڭىزنى توغرىلاشقا رۇخسەت قىلىڭ. سوئاللىڭىزنى خاتا مۇقەددىمىلەر ئۈستىگە قۇردىڭىز. الله تائالا بىزلەرگە بەندىلىرىدىن بىراۋنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى، ۋەھيىسى ۋە ئايەتلىرىدىن مەھرۇم قويمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿وَإِن مِّنْ أُمَّةٍ إِلَّا خلَى فِيهَا نَذِيرٌ﴾ (قانداقلا بىر ئۇممەت

بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن»[1]؛ ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً﴾ «ھەر ئۇممەتكە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق»[2].

قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى زىكىر قىلىنغان پەيغەمبەرلەر، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس. ئۇلاردىن باشقىمۇ نەچچە مىڭلىغان پەيغەمبەر بار، ئۇلار ھەققىدە بىزنىڭ مەلۇماتىمىز يوق. الله تائالا پەيغەمبىرىگە پەيغەمبەرلەردىن سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلًا مِّن قَبْلِكَ مِنْهُم مَّن قَصَصْنَا عَلَيْكَ وَمِنْهُم مَّن لَّمْ نَقْصُصْ عَلَيْكَ﴾ «پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىن، ساڭا ھېكايە قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ بار، ھېكايە قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار»[3].

الله تائالا ھەسەل ھەرىسى چاغلىق ھەممە نەرسىگە ۋەھيى قىلىدۇ: ﴿وَأَوْحَى رَبُّكَ إِلَى النَّحْلِ أَنِ اتَّخِذِي مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا وَمِنَ الشَّجَرِ وَمِمَّا يَعْرِشُونَ﴾ «پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىلىرىگە: تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە ئىنسانلار ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن ياسىغان ئۆيلەرگە ئۇۋا تۇزۇڭلار دەپ ۋەھيى قىلىدۇ»[4].

الله تائالانىڭ ۋەھيىسى گاھىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كېلىدىغان كىتاب، گاھىدا الله

[1] سۈرە فاتىر، 24 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نەھل، 26 ـ ئايەت.

[3] سۈرە غافىر، 78 ـ ئايەت.

[4] سۈرە نەھل، 68 ـ ئايەت.

تائالا بەندىنىڭ دىلىغا سالىدىغان نۇر، گاھىدا دىلىنىڭ ھەقىقە ئىچىلىشى، گاھىدا ھېكمەت، گاھىدا سالغان ھەقىقەت، گاھىدا توغرا چۈشىنىش ۋە پاكى تەقۋالىق بولىدۇ.

دىلى ۋە قۇلىقى يۇمشىغان ھەرقانداق ئادەم اللهنىڭ پەزلىدىن مەدەت ئالىدۇ. ئەمما قۇلاقلىرى ۋە دىللىرىنى ئىشىتمەس ۋە تۇيماس قىلىۋالغانلارغا قانچىلىك كىتابلار، پەيغەمبەرلەر ۋە مۆجىزىلەر بولسىمۇ پايدا قىلمايدۇ.

الله تائالا ئۆز رەھمىتىنى خالىغان كىشىگە ئالاھىدە بېرىدىغانلىقىنى ۋە قىلغانلىرىدىن سورالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. الله تائالا ھەر شەيئىنىڭ ھېكمىتىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، بىراۋنىڭ بىر ئىشنى قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ، باشقا بىر كىشىنىڭ ئەينى ئىشنى قىلىشىغا رۇخسەت بېرىدۇ ۋە ئۇ كىشىدىن ئەڭ ئاددى ئىمانىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ.

ئورمانلىقتا دۇنيادىن خەۋەرسىز ياشايدىغان نىگىرنىڭ ئاسمانغا بىرلا قاراپ، اللهنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن قورقۇشىنىڭ، اللهنىڭ دەرگاھىدا بىزنىڭ نامىزىمىزدىن بەكرەك قوبۇل بولۇشىنى كىم بىلەلەيدۇ؟

شۇ ئورمانلىق ئىچىدە تاشقى دۇنيادىن خەۋەرسىز ھالدا ياشاپ كەلگەن نىگىرلارنىڭ تارىخىنى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىزچىل ھالدا تەتقىق قىلغانلار، ئۇلارغىمۇ

بىزلەرگە ئوخشاش پەيغەمبەرلەر ۋە ساماۋى كىتابلارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

مەسىلەن، ئورمانلىقتا ياشايدىغان ''ماۋ ماۋ'' قەبىلىسى ''مۇجابى'' ئىسىملىك بىر ئىلاھقا ئىشىنىپ، ئۇنى بىر، تۇغمىغان، تۇغۇلمىغان، تەڭدىشى يوق، ئوخشىشى يوق، ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، رەھمەت قىلغۇچى، شەپقەت قىلغۇچى، كېسەلگە شىپا بەرگۈچى، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرغۇچى، داد ـ پەريات قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلغۇچى، پەقەت پېئىل ۋە ئەسەرلىرىدىن بىلىپ كۆرگىلى بولىدىغانلىقى دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەيدۇ.

مانا ئۇلار ئىمان كەلتۈرگەن ''مۇجابى'' بىزنىڭ ئىلاھىمىزنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ ئۇلارغا بۇ ئىلىم نەدىن كېلىپ قالدى؟ ئۇلارغىمۇ بىزگە ئوخشاش پەيغەمبەر كەلگەن، پەقەت ئادەت بويىچە، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىنىغا خۇراپاتلار ۋە بۇزۇق ئىشلار ئارىلىشىپ، بۇ پاك دىننى قالاقلاشتۇرغان.

''نىيام نىيام'' قەبىلىسى ''مبۇلى'' نامدا بىر ئىلاھقا چوقۇنىدۇ. ئۇلار: ئورمانلىقتىكى بارلىق نەرسىلەر ''مبۇلى''نىڭ ئىرادە ـ مەشىئىتى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، ناچار ئىنسانلارنى ''مبۇلى'' جازالايدۇ، ياخشىلارغا رىزىق، بەرىكەت ۋە تىنچلىق ئاتا قىلىدۇ، ـ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

''شىلۇك'' قەبىلىسى ''جوك'' ئىسىملىك ئىلاھقا چوقۇنىدۇ. ئۇلار ئۇ ئىلاھنى ھەم زاھىر ھەم مەخپىي،

ھەممىنى يارىتقۇچى، ئاسماندىمۇ بار، زېمىنىدىمۇ بار دەپ سۈپەتلەيدۇ.

”دىنكا“ قەبىلىسى ”نەيالاك“ ئىسىملىك بىر ئىلاھقا چوقۇنىدۇ. “نەيالاك” سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى: ئاسمان ياكى ئۈستۈن دېگەنلىك بولىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىدىلەرنى ئىسلام ئەقىدىسى دېمەي، نېمە دەيمىز؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى، شۇ قەۋملەرنىڭ تارىخىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ۋە ئىلاھىي رىسالىلەر ئەۋەتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دىنىنىڭ مەنبەئى بىردۇر.

الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَالَّذِينَ هَادُواْ وَالنَّصَارَى وَالصَّابِئِينَ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَعَمِلَ صَالِحاً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى مۆئمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار، پەرىشتىلەرگە ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن اللهقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ يوقتۇر﴾[1].

ھەتتاكى، يۇلتۇزلارنى اللهنىڭ ئايەتلىرىدىن بولغان مۆجىزىلەر دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئۇلۇغلىغان، اللهنىڭ بىرلىكىگە، ئاخىرەتنىڭ ھەقلىقىغە، قايتىدىن تىرىلىشقا ۋە ھېساب بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن،

[1] سۈرە بەقەرە، 62 ـ ئايەت.

ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەجىر بېرىلىدۇ.

مەلۇمدۇركى، الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. بەزىلەر قارىغۇ تۇغۇلىدۇ، بەزىلەر كۆزى روشەن تۇغۇلىدۇ. بەزىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ياشاپ، ئۇنىڭ دەريانى ھاسىسى بىلەن ئىككىگە بۆلگەنلىكىنى كۆردى. بەزىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ياشاپ، ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەنلىكىنى كۆردى. بىز بولساق، بۇنىڭغا ئوخشاش مۆجىزىلەرنى قۇلىقىمىزدا ئاڭلاپ بىلدۇق، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان خەۋەر كۆز بىلەن كۆرگەنگە يەتمەيدۇ، كۆرگەن كىشى بىلەن ئاڭلىغان كىشى ئوخشاش ئەمەس.

ئىمان كەلتۈرۈش ياكى كەلتۈرمەسلىك مۆجىزىلەرگە قاراشلىق ئەمەس. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ كاجلىق قىلغانلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ نۇرغۇن مۆجىزىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسىمۇ، ”بۇلار سېھىر“ دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئىنكار قىلىدۇ.

شەكسىزكى، فرانسىيەدىن كەلگەن پروففېسسور تونۇشىمىزغا كىتابلاردىن تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان يەتتى، يەتمىگەن بولسا، مەن يەتكۈزدۈم. ئەمما بۇ كىتابلار ئۇنىڭغا پايدا قىلمىدى، ئەكسىچە ئۇ جېدەلگە شۇڭغۇپ كېتىۋاتىدۇ.

تونۇشىمىز ئۆزىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆزىنى ھەقتىن

قاچۇرۇش ئۈچۈن، مەسىلىنى جاڭگاللاردا ۋە ئورمانلاردا ياشايدىغان، كىتاب ئەۋەتىلمىگەن مەجھۇل بىر ئادەمگە يۈكلەپ: ”بۇنداق ئادەمنىڭ گۇناھى نېمە؟“ دەپ سوراۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سوئالى بىلەن ”ئىلاھىي ئادالەت ھەققىدە ئۆزەمگە بىر چىقىش يولى تاپتىم“ دەپ ئويلاپ: ”ﷲنىڭ رەھمىتى نېمە ئۈچۈن بەزىلەرگە زىيادە، بەزىلەرگە كەم بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ﷲ مۆجىزىلىرىنى بەندىلىرىدىن بەزىلىرىگە كۆرسىتىپ، بەزىلىرىگە ئاڭلىتىش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ؟“ دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ.

بىز مۇنداق دەيمىز: ﷲ تائالانىڭ مۆجىزىلىرىنى ھەممە ئادەم ئوخشاش ۋە تەڭ كۆرۈش رەھمەت ئەمەس، بەلكى ئازابتۇر. ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن ئاسماندىن تەييار تاماق چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىشىنى سورىغاندا، ﷲ تائالا ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇپ: ﴿قَالَ اللّهُ إِنِّي مُنَزِّلُهَا عَلَيْكُمْ فَمَن يَكْفُرْ بَعْدُ مِنكُمْ فَإِنِّي أُعَذِّبُهُ عَذَابًا لاَّ أُعَذِّبُهُ أَحَدًا مِّنَ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿ئۇنى مەن سىلەرگە ئاسماندىن چوقۇم چۈشۈرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن كاپىر بولسا، ئۇنى بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن﴾ دېدى[①].

مۆجىزە كېلىش بىلەن بىرگە، ھەر زامان كاپىر بولغانلارغا ئازاب كەلگەن، شۇنىڭدەك، مۆجىزىنى كۆزى

---

[①] سۈرە مائىدە، 115 ـ ئايەت.

بىلەن كۆرمىسىمۇ، ئاڭلاپ ئىمان ئېيتقانلارغا رەھمەت قىلىدۇ، مۆجىزىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىمان كەلتۈرمىگەنلەرنى ھالاك قىلىدۇ. قولىمىزدىكى قۇرئان بىر مۆجىزە، ئۇ سىزگە بۇ دۇنيادا شۇنداق بىر ھۆججەتتۇركى، سىزنى يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى بولسا، ئازاب بولىدۇ.

ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدا، تاشقى دۇنيادىن بىخەۋەر ياشىغان ئىسكىموس قەبىلىسىگە قۇرئان كەرىم يەتمەي قېلىشى سەۋەبىدىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى ھېسابقا تارتىلماسلىقى ۋە رەببىمىزنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشى مۇمكىن. بەلكى شۇ جاھالەتتە ياشاۋاتقان قەبىلە ئىچىدە ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ ئاسمانغا بىر قاراپ، اللهنىڭ كامالى ـ قۇدرىتىنى چۈشىنىپ ئېتىقاد قىلىشى، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا مۇخلىس مۇئمىن ھېسابلىنىشى ئۈچۈن كۇپايە قىلىشى مۇمكىن.

ئەمدى: "الله نېمە ئۈچۈن بەندىلىرىگە ئوخشاش رەھمەت قىلمايدۇ؟" دېگەن سوئالغا كېلىدىغان بولساق، بۇنى الله تائالا بەندىلىرىنىڭ دىلىغا قاراپ بەلگىلەيدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿فَعَلِمَ مَا فِي قُلُوبِهِمْ فَأَنزَلَ السَّكِينَةَ عَلَيْهِمْ وَأَثَابَهُمْ فَتْحًا قَرِيبًا﴾ ﴿الله تائالا ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى بىلدى، ئاندىن ئۇلارغا تەمكىنلىكنى چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە بىلەن مۇكاپاتلىدى﴾[1].

[1] سۈرە فەتىھ 18 ـ ئايەت.

الله تائالا بىزنىڭ دىلىمىزدىكىنى بىزنى يارىتىشتىن بۇرۇن بىلىپ بولغان، بەزىلىرىمىز الله تائالانىڭ نۇرىغا يېپىشقان، بەزىلىرىمىز بولسا، دۇنيانىڭ لەززىتىگە چۆمۈلۈپ، ياراتقۇچىنىڭ نۇرى ـ جامالىدىن يۈز ئۆرىگەن، ئاندىن ئۇلار بۇ دۇنيادىكى ئەڭ پەس مەرتىۋىگە تېگىشلىك بولغان. قىسقا تارىخىمىز ئىچىدە كۆرگەنلىرىمىز ھەممە نەرسە ئەمەس.

جاپا ـ مۇشەققەت ۋە مەھرۇمىيەتنىڭ ھېكمىتىنى پەقەت ھەممىنى بىلگۈچى الله بىلىدۇ. مەندىن: الله توڭگۇزنى نېمە ھېكمەت بىلەن ياراتتى، ـ دەپ سورىغۇچىغا: الله تائالا توڭگۇزنى ياراتتى، چۈنكى توڭگۇزنىڭ نەپسى توڭگۇز ئىدى، الله تائالا توڭگۇزنى توڭگۇز بولۇشىغا ھەقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن توڭگۇز قىلىپ ياراتتى ۋە اللهنىڭ ئادالىتى ھەق بولدى، ـ دېگەندىن باشقا جاۋابنى بېرەلمەيمەن.

ئەتراپىمىزدىكى ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى ئادىللىق بىلەن بۆلۈنگەن، لېكىن بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ھېكمىتىنى بىلىش ۋە اللهنىڭ ئادالىتىگە توقۇلغان خىيالىي بوھتانلارنى تازىلاشقا ھەر كىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ.

بەلكى مۇشۇ سەۋەبكە ئاساسەن، الله ئاخىرەتنى، يەنى تارازىلار قۇرۇلۇپ، ھەممىنىڭ ھېكمىتى ئوچۇق ئېلان قىلىنىدىغان كۈننى ياراتقان.

شۇنداقتىمۇ، سىزگە ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر سۆز بىلەن جاۋاب بېرەيكى، الله تائالا

كىتابىدا پەيغەمبەرلەر ئاگاھلاندۇرمىغان قەۋمنى ئازابلىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّى نَبْعَثَ رَسُولاً﴾ ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ھېچكىمنى جازالىمايمىز﴾[1].

راھەتلىنىپ قالدىڭىزمۇ؟

سوئالىڭىزنىڭ ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، زاھىرىڭىزدا اللهنىڭ نۇرى، ھىدايىتى ۋە رەھمىتىگە ئىشىنىپ، ئەشۇ قۇرئان يەتمەي اللهنىڭ نۇرى، رەھمىتى ۋە ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالغان ئورمانلىقتىكى بىچارە نېگىرغا ئىچ ئاغرىتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ھەقىقەتىڭىز بولسا قۇرئانىنى، اللهنىڭ نۇرىنى، رەھمىتىنى ۋە ھىدايىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. سىز بۇ سوئالىڭىز بىلەن ھىلە-مىكىر ۋە ئالداشنى مەقسەت قىلىۋاتىسىز، سوئالىڭىزنىڭ ئۆزىدە ئېنىق زىتلىق مەۋجۇت، سىز ئىدىيىڭىزدە ئۆزىڭىز ھۆججەت دەپ تونىمىغاننى بىزگە ھۆججەت قىلىشنى مەقسەت قىلىسىز.

سۆھبەتدىشىم! سىز بۇ ئەھۋالدا ئۆزىڭىزدىكى مەنتىقىلىق خاتالىقنى ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرمەمسىز؟

---

[1] سۈرە ئىسرا، 15 ـ ئايەت.

# جەننەت ۋە دوزاخ

پروفېسسور تونۇشۇم بۇ قېتىم ئۆزىگە ناھايىتى قاتتىق ئىشەنچ باغلىغان بولۇپ، شۇ ئىشەنچىسى بىلەن ماڭا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ مۇنداق دېدى: راھمان ۋە رەھىم بولغان زات بىزلەرنى قىسقىغىنە ھاياتتا قىلىپ سالغان گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن قانداقمۇ ئەبەدى ئازاب بىلەن جازالايدۇ؟ بىز كىم ئىدۇق؟ ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىغا نىسبەتەن بىز نېمىگە ئەرزىيمىز؟ شۇنداق تۇرۇپ، ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بىزدىن بۇنچىۋالا چوڭ ئىنتىقام ئالىدۇ؟ ئىنسان كائىناتتىكى بىرەر زەررە ياكى تاش ـ توپا، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقى ئالدىدا تېخىمۇ كىچىك، بەلكى ھېچنېمە ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ئۇنچىۋالا قاتتىق جازالاش ئاللاھنىڭ راھمان ۋە رەھىم سۈپىتىگە ئۇيغۇنمۇ؟

ئالدى بىلەن پروفېسسورنىڭ مەلۇماتىنى توغرىلىشىمىز كېرەك:

كائىناتتىكى بىرەر زەررە ياكى تاش ـ توپا ئەمەس، بىزنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى قەدرىمىز بەك چوڭ، ئاللاھ تائالا ئۆز روھىدىن بىزگە پۈۋلىمىدىمۇ؟ ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى بىزگە سەجدە قىلمىدىمۇ؟ ئاللاھ تائالا:

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُم مِّنَ الطَّيِّبَاتِ

**وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِّمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلاً**﴾ ﴿شۇبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئۇلاغلارغا مىندۇردۇق، ئۇلارنى شېرىن ـ تاتلىق يېمەكلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇردۇق، ئۇلارنى بىز ياراتقانلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾[1] دېگەن سۆزى بىلەن، بىزگە ئاسمان ـ زېمىننى مىراس قىلىشنى ۋەدە قىلمىدىمۇ؟

بىزدە اللهنىڭ روھى بار.

بىز ئىنسانلار دۇنيا كائىناتىغا نىسبەتەن زەررىمۇ ئەمەس، قىممەتسىز بىر نېمىمۇ ئەمەس. بىز ئىنسانلار بەدەن ۋە قامەتلىرىمىزنى كەڭ دۇنياغا سېلىشتۇرساق، ھەقىقەتەن ئۆزىمىزنى زەررىگە ئوخشاش كىچىك نەرسە كۆرىمىز، لېكىن دۇنيانى بىز ئىنسانلار ئىدارە قىلىمىز، ئەقلىمىز بىلەن ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىپ، ھەر بىر يۇلتۇزنىڭ دائىرىسىنى سىزىمىز. ئالەم كېمىسىنىڭ ئۇچقۇچىسى ئايغا قەدەم باسقاندىن كېيىن، بىزنىڭ يەر يۈزىدە ئەقلىمىز بىلەن بىلگەنلىرىمىز ۋە سىزغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ توپتوغرا ئىكەنلىكىنى كەشىپ قىلدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى، روھىمىزنىڭ كائىناتتىن كاتتا ئىكەنلىكىنى ۋە بىزنىڭ دۇنيانى ئىدارە قىلىدىغانلىقىمىزنى كۆرسەتمەمدۇ؟ شائىرلاردىن بىرى ئىنسانغا خىتاب قىلىپ:

---

[1] سۈرە ئىسرا، 70 ـ ئايەت.

ئۆزەڭنى كىچىك مەن دەپ ئويلىما ھەرگىز،
كاتتا دۇنيا ئەھمىيەتسىز قالىدۇ سەنسىز.

دەپ، ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقانىدى.

سوپىلار ئېيتقاندەك، ئىنسان ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا بىر كىتاب بولسا، كائىنات ئۇ كىتابنىڭ سەھىپىلىرىدۇر.

ھەقىقەتەن ئىنسان قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدىغان، مەنزىلى ناھايىتى ئۇستۇن، خەتىرى بەك چوڭ بىر مەخلۇقتۇر.

ئەمدى، الله تائالانىڭ بىزنى ئازغىنا مۇددەت ئىچىدە قىلىپ سالغان كىچىككىنە گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۇزلۇكسىز ھالدا جازالىشى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ مەسىلىدىمۇ ئۆزىگە بەك ئىشەنچ قىلىپ كەتكەن پروفېسسور تونۇشىمىز يەنىلا خاتالاشتى.

الله تائالا دوزاختا ئۇزلۇكسىز ھالدا كۆيۈشكە ھۆكۈم قىلىنغانلار، الله تائالادىن ئۇلارنى دۇنياغا قايتۇرۇشنى ۋە ئۇلار بۇرۇن دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئورنىغا توغرا ئەمەللەرنى قىلىشنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرغانلار ھەققىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿وَلَوْ رُدُّواْ لَعَادُواْ لِمَا نُهُواْ عَنْهُ وَإِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ﴾ ﴿ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، چەكلەنگەن ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى، شۈبھىسىزكى، ئۇلار يالغانچىلاردۇر﴾[1].

---

[1] سۈرە ئەنئام، 28 ـ ئايەت.

يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئازغىنە مۇددەت ئىچىدە قىلىپ سالغان كىچىككىنە گۇناھلار ئەمەس، بەلكى گۇناھ قىلىش ئۇلارنىڭ ئۆزگەرمەس خىسلەتلىرىدۇر، مەيلى قاچان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار گۇناھلىرىدىن يانمايدۇ ۋە گۇناھلىق ئىشلارنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار دۇنياغا تەكرار قايتسىمۇ، يەنە گۇناھلىرىغا قايتىدۇ، ئۇلار يالغاندىن ۋەدە قىلىدۇ.

الله تائالا ئۇلار ھەققىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ يَبْعَثُهُمُ اللَّهُ جَمِيعًا فَيَحْلِفُونَ لَهُ كَمَا يَحْلِفُونَ لَكُمْ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ عَلَى شَيْءٍ أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ الْكَاذِبُونَ﴾ ﴿ئاخىرەت كۈنى الله تائالا ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا، بىزمۇ مۇسۇلمان دەپ يالغاندىن سىلەرگە قەسەم ئىچكەندەك، الله تائالاغىمۇ قەسەم ئىچىدۇ، ئۇلار بۇ قەسەمنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسى بار دەپ ئويلايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر﴾[1].

ئۇلار پۈتۈن پەردىلەر ئېچىۋېتىلىدىغان ئاشۇ كۈندىمۇ يالغاندىن قەسەم ئىچىپ، ئۆزلىرىنىڭ كونا ئادەتلىرىنى داۋام قىلدۇرىدۇ، بۇ تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىلىقتۇر.

بىز بۇ يەردە ئازغىنە مۇددەت ئىچىدە قىلىنغان گۇناھ ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ھەممە زامانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەبەدى كۈن ۋە بىپايان يامانلىق ئۈستىدە توختىلىۋاتىمىز. شۇڭا بۇنىڭدەك نەپسنى ئۇزلۇكسىز

---

[1] سۈرە مۇجادەلە، 18 ـ ئايەت.

هالــــدا جــــازالاش ئـــادىللىقتىن چىقىـــپ كېـــتىش ھېسابلانمايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم ئۇلارغا روشەن تەلەپپۇزدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا هُم بِخَارِجِينَ مِنَ النَّارِ﴾ ﴿ئۇلار دوزاختىن ئەبەدى ئەبەد چىقىپ كېتەلمەيدۇ﴾[1].

ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئوتتا كۆنۈپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇ ئوت ئەبەدى تەبىئىتى بولۇپ قالىدۇ. بۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن رەھمەتتۇر.

ھېچ شۈبھە يوقكى، بەزى گۇناھكار نەپسلەر بىلەن ئوت ئارىسىدا بىر خىل ماسلىشىش پەيدا بولىدۇ. ئۇ نەپسلەرنىڭ بەزىسى ئەمەلىيەتتە ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك، ئىچى يامانلىق، شەھۋانىلىق، دۈشمەنلىك، يامان نىيەتلىك، غەزەپ، نەپرەت ۋە ھەقتىن باش تارتىشنىڭ ئوت يالقۇنىدۇر. بۇنداق نەپسلەر ھېچقاچان زامان تىنىچ ياشىيالمايدۇ، ئەتراپىغا پىتنە ئوتىنى تارقاتماستىن بىر سائەتمۇ ياشىيالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئوتتىن ئىبارەت. بۇنداق نەپسلەرنى ئوتتا تاشلاش ھەقىقىي ئادىل ھۆكۈم بولۇپ، ھەر شەيئىنى ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنىغا قويۇشتۇر. ناۋادا ئۇ نەپسلەر جەننەتكە ھۆكۈم قىلىنسا ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمىغان بولاتتى.

ئۇ نەپسلەر زېمىندا تىنچلىقنى رەت قىلغان ئەمەسمىدى؟!

---

[1] سۈرە بەقەرە، 167 ـ ئايەت.

بىز ئاخىرەتتىكى دوزاخ ۋە جەننەتنى كەڭ دائىرىدە چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئاخىرەتتىكى دوزاخ دۇنيادىكى كاۋاپدان ئەمەس، دوزاختا كۆيۈش دۇنيادىكى كۆيۈشكە ئوخشىمايدۇ، الله تائالا: دوزاختىكى گۇناھكارلار سۆزلىشىدۇ، بىر بىرىگە لەنەتلىشىدۇ، ـ دەيدۇ. دوزاختا زەققۇم ئىسىمدا دوزاخ ئەھلىنىڭ يىرىڭلىرىدىن چىققىدىغان مېۋىلىك دەرەخ بار بولۇپ، زەققۇم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئازابلانغۇچىلارنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى كۆيدۈرگۈچى سۇ بار.

ئىچىدە دەرەخ، سۇ بولىدىغان، ئىنسانلار سۆزلىشىدىغان ئوت بىز بىلىدىغان ئوتتىن باشقىچە بولۇشى لازىم.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلَّمَا دَخَلَتْ أُمَّةٌ لَّعَنَتْ أُخْتَهَا حَتَّى إِذَا ادَّارَكُواْ فِيهَا جَمِيعًا قَالَتْ أُخْرَاهُمْ لأُولاَهُمْ رَبَّنَا هَؤُلاء أَضَلُّونَا فَآتِهِمْ عَذَابًا ضِعْفًا مِّنَ النَّارِ قَالَ لِكُلٍّ ضِعْفٌ وَلَكِن لاَّ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿ھەر قاچان بىر ئۇممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى كىرگەن ئۇممەتكە لەنەت ئوقۇيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ بولۇپ توپلانغاندا، كېيىن كىرگەنلەر بۇرۇن كىرگەنلەرگە: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان، ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن! ـ دەيدۇ، الله تائالا: ھەممىسىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، ـ دەيدۇ، لېكىن سىلەر دوزاخ ئازابىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيسىلەر﴾[1].

---

[1] سۈرە ئەئراف، 38 ـ ئايەت.

ئۇلار دوزاختا تۇرۇپ سۆز قىلىدۇ، ئۇ شۇنداق بىر ئوتكى: ﴿وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ﴾ ﴿يېقىلغۇلىرى ئىنسانلار ۋە تاشلاردۇر﴾[1].

بۇ سۆزدىن بىزنىڭ ھەقىقىي ئازابنى ئىنكار قىلىپ، مەنىۋى ئازابنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغانلىقىمىز يەكۈننى چىقىرىۋالماسلىق كېرەك. دوزاخ ھەم ھەقىقىي ھەم مەنىۋى ھەر ئىككى جەھەتتە بار، بىز ھەر ئىككىسىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز. بىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، بىز دوزاخنىڭ سۈپەتلىرىنى تەپسىلىي بىلەلمەيمىز، بىز ئۇنى الله ۋە رەسۇلى بىزگە بىلدۈرگەن مىقداردا بىلەلەيمىز، قالغىنى بىزگە غەيب. قۇرئان كەرىم ئىشارەت قىلغىنىغا كۆرە، دوزاخنىڭ ئوتى بىز كۆرۈۋاتقان ئوتتىن باشقىچە بولۇپ، ئۇ ئوتتا كۆيىدىغان بەدەنلەرمۇ دۇنيادىكىگە ئوخشاش ئاجىز ـ يۇمران بەدەن ئەمەس، بەلكى شۇنداق ئوتتا كۆيۈشكە مۇناسىپ ھالغا كەلتۈرۈلگەن بەدەنلەردۇر.

جەننەت مەسىلىسىمۇ غەيبى بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى تەپسىلى ھالدا بىلەلمەيمىز. جەننەت خورما، ئانار، ئۈزۈمگە ئوخشاش مېۋە بارىرى ئەمەس. قۇرئان كەرىمنىڭ جەننەتتە بۇنداق مېۋىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشى، جەننەت ئىچىدە شۇنداق نازۇ ـ نېمەتلەرنىڭ بارلىقىغا بولغان ئىشارەتتۇر. قۇرئان كەرىم

---

[1] سۈرە بەقەرە، 24 ـ ئايەت.

جەننەتنى تەپسىلى ھالدا چۈشەندۈرمىدى، پەقەت بىزنىڭ ھالى ـ قۇدرىتىمىزگە ئۇيغۇن ۋە زېھنىلىرىمىزگە يېقىن بولغان مىساللارنى كەلتۈردىكى، جەننەتتە ئىنسان خىيال قىلىپ باقمىغان، خىيال قىلىش كۆچىگىمۇ ئىگە بولمىغان باشقا نېمەتلەرنىڭ بارلىقى ئېنىق.

اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿مَثَلُ الْجَنَّةِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ فِيهَا أَنْهَارٌ مِّن مَّاء غَيْرِ آسِنٍ وَأَنْهَارٌ مِن لَّبَنٍ لَّمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُ﴾ ﴿تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ﴾[1].

يەنى بىز جەننەتنى زېھنىلەرگە يېقىن كېلىدىغان مىساللار بىلەن تونىتىمىز، لېكىن جەننەتنىڭ بارلىقى اللەنىڭ ئىلمىدە: ﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّا أُخْفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاء بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات ئۈچۈن، اللە تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾[2]؛ ﴿وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالأَرْضُ﴾ ﴿جەننەتنىڭ كەڭلىكى، ئاسمانلار ۋە زېمىنچە كېلىدۇ﴾[3]؛ جەننەت دۇنيادىكى باغلىرىمىزغا ئوخشىمايدۇ. ﴿وَفَاكِهَةٍ كَثِيرَةٍ. لَّا

---

[1] سۈرە مۇھەممەد، 15 ـ ئايەت.

[2] سۈرە سەجدە، 17 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 133 ـ ئايەت.

مَقْطُوعَةٍ وَلَا مَمْنُوعَةٍ﴾ ﴿جەننەتتە تۈگىمەيدىغان، چەكلەنمەيدىغان نۇرغۇن مېۋىلەر باردۇر﴾[1].

بۇ ئايەتكە قارىغاندا، جەننەتنىڭ مېۋىلىرى بىزنىڭ تۇگەپ قالىدىغان ۋە چەكلىنىدىغان مېۋىلەردىن ئەمەس.

جەننەتتە شۇنداق بىر شاراب باركى: ﴿لَا يُصَدَّعُونَ عَنْهَا وَلَا يُنزِفُونَ﴾ ﴿(ئىچكەنلەرنىڭ) باشلىرى ئاغرىمايدۇ، مەست بولمايدۇ﴾[2].

يەنى جەننەتنىڭ شارابى دۇنيادىكى شارابىغا ئوخشاش باش ئاغرىتمايدۇ، مەست قىلمايدۇ.

الله تائالا جەننەت ئەھلى ھەققىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَنَزَعْنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى جەننەت ئەھلىنىڭ) كۆڭۈللىرىدىن ئۆچمەنلىكنى ئېلىپ تاشلىدۇق﴾[3].

الله تائالا بۇ ئايەتتە پاكلانغان بىر قىسىم نەپسلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن بىز ئۇ نەرسىلەرنىڭ قانداق يۇسۇندا پاكلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى پەقەت الله بىلىدۇ.

جەننەتمۇ غەيبى بىر نەرسە، بۇنداق دېيىشىمىز ھېسسىي نېمەتلەرنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. بىز

---

[1] سۈرە ۋاقىئە، 32 ـ ۋە 33 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ۋاقىئە، 19 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئەئراف، 43 ـ ئايەت.

دوزاخنىڭ ھەم ھېسسىي ھەم مەنىۋى ئازاب ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىنىمىزدەك، جەننەتنىڭمۇ ھەم ھېسسىي ھەم مەنىۋى نېمەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ئەمما بىز بۇ نېمەت ۋە ئازابلارنىڭ تەپسىلاتى ۋە كەيپىياتىنىڭ غەيبى ئىلىم ئىكەنلىكى، جەننەتنىڭ مېۋە ـ چېۋە بازىرى، دوزاخنىڭ گۆش پىشۇرىدىغان تونۇر ئەمەسلىكى، ئاخىرەتتە ئازابلاشنىڭ اللەنىڭ بەندىلىرىگە كۈچىنى كۆرسىتىشى، زومىگەرلىك قىلىشى ئەمەسلىكى، پەقەت پاكلاش، تونۇتۇش، باھالاش ۋە رەھمەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشنى مەقسەت قىلىمىز. ﴿مَّا يَفْعَلُ اللّهُ بِعَذَابِكُمْ إِن شَكَرْتُمْ وَآمَنتُمْ﴾ ﴿ئەگەر سىلەر اللە تائالانىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، اللە سىلەرنى ئازابلاپ نېمە قىلىدۇ؟﴾[1].

[1] سۈرە نىسا، 147 ـ ئايەت.

# ئەسلى پرىنسىپ ئازابنىڭ بولماسلىقى

الله تائالا مۇئمىن بەندىسىنى ھەرگىزمۇ ئازابلىمايدۇ، الله تائالا ئازابىنى پەقەتلا ھىدايەت، تونۇتۇش ۋە چۈشەندۈرۈشنىڭ ۋەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈنۈم بەرمىگەن ۋە جاھالەتتە چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلارغا قارىتىدۇ. ﴿وَلَنُذِيقَنَّهُمْ مِنَ الْعَذَابِ الْأَدْنَى دُونَ الْعَذَابِ الْأَكْبَرِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازاب (ئاخىرەت ئازابى)تىن بۇرۇن ئەڭ يېقىن ئازابتىن (دۇنيا ئازابىدىن) تېتىتىمىز﴾[1].

الله تائالانىڭ قانۇنى شۇكى، جاھىل، غاپىل ۋە نادانلارنى تەۋبە قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى دۇنيانىڭ كىچىك ئازابى بىلەن ئازابلايدۇ، ئەگەر بۇ ۋەسىلىلەر ئۇلارغا پايدا قىلماي ھەقنى ئىنكار قىلىش جاھالىتىدە چىڭ تۇرۇۋالسا، ئۇلارغا ھەقنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ چوڭ ئازابى بىلەن ئازابلاشنى ۋەدە قىلىدۇ. بۇ ھەقنى تونۇتۇش بولۇپ، ھەقنى تونۇتۇش شەپقەت قىلغانلىقنىڭ ئۆزىدۇر. ئەگەر الله ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كورلۇقى ۋە جاھىللىقىغا تاشلاپ قويۇپ كۆڭۈل بۆلمىسە ئىدى، ئۇلارغا زۇلۇم قىلغان بولاتتى. الله تائالا بۇنداق كەمچىلىكتىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر، ئەنە

[1] سۈرە سەجدە، 21 ـ ئايەت.

شۇنداق ئىنسانلارغا دوزاخنى تەڭلەش اﷲنىڭ ئىنايىتىدۇر. اﷲنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەممىسى رەھمەتتۇر.

جاھىللارنى دوزاخ بىلەن تەربىيە قىلىدۇ، ھەقنى تونىغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ پەزلى ۋە ئىكرامى بىلەن رەھمەت قىلىدۇ. ﴿عَذَابِي أُصِيبُ بِهِ مَنْ أَشَاء وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ﴾ ﴿ئازابىم بىلەن بەندىلىرىمدىن مەن خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر﴾[1].

ئەمدى بىز پروفېسسوردىن شۇنى سورايلى: ئۇنىڭ نەزىرىدە اﷲ زالىم بىلەن مەزلۇمنى، قاتىل بىلەن ئۆلتۈرۈلگۈچىنى ئوخشاش قىلىپ، ئاخىرەتتە ھەر بىرىگە بىرەر چاي سورىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرسە، تېخىمۇ ئادىل بولاتتىمۇ؟ پروفېسسورنىڭ نەزىرىدە، ئاق بىلەن قارىنى ئوخشاش قىلىش تېخىمۇ بەك ئادىللىقمۇ؟

اﷲنىڭ ئازابلىشىنى يىراق دەپ ئويلىغانلارغا مۇنداق دەيمىز: اﷲ تائالا ئەمەلىيەتتە بىزنى دۇنيادا ئازابلىمامدۇ؟ قېرىلىق، كېسەللىك ۋە راك كېسىلى ئازاب بولماي نېمە؟ مىكروبنى كىم ياراتتى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى ئازابلىشى مۇمكىن بولغان بىر ئىلاھنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن بۇرۇنقى ئاگاھلاندۇرۇشلار ئەمەسمۇ؟

---

[1] سۈرە ئەئراف، 156 ـ ئايەت.

## دىن ئەپيۇنمۇ؟

پروفېسسور تونۇشۇم ماڭا كۆزىنى يېرىم قىسىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ”دىن ئەپيۇندۇر، الله ئىنسانلارنى بىرقانچە دەرىجە قىلدى، بەزىلەرنى بايلىق مەرتىۋىسىدە ياراتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بايلىق ئۇلارنىڭ ھەققى دەيدىغان، كەمبەغەللەرنى ۋە جاپا چەككۈچىلەرنىڭ خىيالىغا جەننەت ۋە ھۆرۈلئەينلەرنى سېلىپ، بىر خىل مەست ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇپ، ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ كەمبەغەللىكىدىن ۋە جاپا - مۇشەققەتلىرىدىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىش غەيرىتىنى يوقىتىدىغان بىر ئەپيۇندۇر“ دېگەنلەرگە نېمە دەيسىلەر؟ ”دىن الله تەرىپىدىن نازىل بولمىدى، ئۇ پەقەت بىر سىنىپ ئىنسانىنىڭ يەنە بىر سىنىپ ئىنسانغا قورال قىلىپ ئىشلىتىشى ئۈچۈن، شەرت - شارائىتلار ۋە ئىجتىمائى سەۋەبلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بىر نېمە“ دەيدىغانلارغا بولغان كۆز قارىشىڭىز قانداق؟

ئۇ، بۇ سۆزلەر بىلەن ماددىزىمچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى مەقسەت قىلىۋاتاتتى.

مەن مۇنداق دېدىم:

دىنىنى ئەپيۇن دېيىشتىن بەكرەك چوڭ خاتالىق يوق. دىن ئەمەلىيەتتە خىزمەت، مەسئۇلىيەت ۋە جاپا - مۇشەققەتتۇر. مەسئۇلىيەتتىن قېچىش، بىكار - بوش يېتىش ئەمەس، شۇڭا ئۇ ئەپيۇن ئەمەس.

دىنىمىز ھورۇن، بوشاڭلىق دىنى ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈرەش قىلىش دىنىدۇر. ﴿وَقُلِ اعْمَلُواْ فَسَيَرَى اللّهُ عَمَلَكُمْ﴾ ﴿ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئىشلەڭلار، الله تائالا قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾[1].

بىز: "تەۋەككۇل قىلىش كېرەك" دېيىمىز، تەۋەككۇلچى بولۇۋېلىش دېمەيمىز، بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى تەۋەككۇلچىلىك بىر ئىشنى قىلىشقا ئىرادە باغلاپ بولۇپ، ئۇ ئىشنى ئەمەلىيەتكە چىقىرىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىمىزنى سەرپ قىلىش، بارلىق ۋەسىلىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن، الله تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ھۆكمىگە تەسلىم بولۇشتۇر. ﴿فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللّهِ﴾ ﴿بىر ئىشنى قىلىشقا ئىرادە قىلساڭ، اللهقا تەۋەككۇل قىلغىن﴾[2].

ئالدى بىلەن ئىرادە قىلىش.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "الله ساقلايدىغۇ" دەپ تۆگىسىنى باغلىماي تاشلاپ قويغان ئادەمگە: "ئاۋۋال تۆگەڭنىڭ پۇتىنى چۈشەپ، ئاندىن اللەقا تەۋەككۇل قىلغىن!" دېگەن.

ئىسلام دىنى ھەرىكەتچان، زېرەك، ھوشيار، سەگەك، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش، بارلىق ئىشلىرى ۋە سۆزلىرىدە ۋىجدانىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر. بۇ، ھەرگىزمۇ ئەپيۇن چەككۈچىنىڭ ھالى ئەمەس.

---

[1] سۈرە تەۋبە، 105 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 159 ـ ئايەت.

ئەپيــۇن چەككــۈچى دىنىنىــڭ مەســئۇلىيەتلىرىدىن قېچىــپ، ئــۆزى ئىنكــار قىلغــان، ۋاقتىنىــى ئۆزىنىــڭ شەخســى مــۈلكى ھېســابلىغان، ئــۆزىنى كۆزىتىــدىغان، ھېساب ئالىدىغان بىرىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىــپ، ئەقلىــگە نــېمە كەلســە پەرۋاســىزچە قىلىــۋەرگەن، ئۆلگەنــدىن كېــيىن يېڭــى بىــر ھاياتقــا كــۆزىنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ماددىزىمچىلاردۇر. بۇنداق مــاددىزىمچىلار يەتتىنچــى قوشنىســىدىنمۇ ئــۆزىنى مەسئۇل تۇتىدىغان، ئۇممىتىدىن قايسى بىرى ئاچ قالسا يــاكى بىــرەر ھايۋانغــا دىققەتسىــزلىك قىلىــپ ئەزىــيەت بېرىپ قويسىمۇ، ئۆزىنىــڭ ئۇســتىدىكى مەسئۇلىيەتنى لايىقىــدا ئــادا قىلالمىغــان ھېســابلىغان، دىنــدار ئــادەم ئالدىدا نېمىگە تەڭ بولالايدۇ؟

دىنىمىــز بىــر ســىنىپنىڭ يەنە بىــر ســىنىپتىن ئۇســتۇن كېلىشــى، بــايلارنى بــاي، كەمبەغەللەرنــى كەمبەغەللىكىــدە ســاقلاپ قــېلىش ئۈچــۈن شــەرت ـ شــارائىت ۋە ئىجتىمــائى ســەۋەبلەر تۇپەيلىــدىن پەيــدا بولۇپ قالغان ئەمەس.

ئەكســىچە، ئىســلام دىنــى بــايلار مــال ـ دۇنيــانى يىغىۋېلىــپ، يوقســۇل ۋە كەمبەغەللەرنــى ئەزگەنــلەرگە قارشــى ئىــنقىلاۋى ھەرىكەتنــى باشــلىتىپ، مــال ـ مۈلكلەرگە پەقەت بايلارنىڭلا ئىگە بولۇۋالماسلىقىنى بۇيرىــدى، مــال ـ دۇنيانىــڭ ھەممىــگە ئورتــاق ھەق بولۇشىنى بۇيرىدى. ﴿وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلاَ يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللّهِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ «ئــالتۇن ـ كۈمــۈش يىغىــپ،

ئۆنى اللە يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن﴾[1].

اللە يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش دېگەنلىك، مالنىڭ قىرىقتىن بىرىنى مەجبۇرىي زاكات بېرىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، بەلكى قولىمىز ۋە يانچۇقىمىزدىكى بارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىنى سوتسىيال ۋە ئىجتىمائى تەڭپۇڭلۇقنى ئەمىلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن خەجلەشتىن ئىبارەت. ﴿وَيَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلِ الْعَفْوَ﴾ ﴿ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىشلىرى ھەققىدە سورايدۇ، ئېھتىياجدىن ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىڭلار دېگىن﴾[2].

ئىسلام دىنى بۇ ئارقىلىق قانۇنىي شەكىلدە مەجبۇرىي ئېلىنىدىغان سەدىقە بىلەن ئۆز ۋىجدانىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ئىختىيارى ھالدا قىلىنىدىغان سەدىقىنى بىرلەشتۈردى. بۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئىنساننىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىۋېلىشتىن ھەم ياخشى. بۇ اللە تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە بەرگەن بىر لۇتپىدۇركى، ئىنسانلار بۇ شەكىلدە مال ـ مۈلكىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سەدىقە قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

ئىسلام دىنى زالىمنىڭ زوراۋانلىقىنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلمىدى، ئەكسىچە ئۇ، بارلىق

---

[1] سۈرە تەۋبە، 34 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 219 ـ ئايەت.

زالىملارغا قارشى ئىنقىلاۋى ھەرىكەت، كەمبەغەللەرنى بوزەك قىلىدىغان زومىگەرلەرگە تەڭلەنگەن نەيزە ۋە قىلىچتۇر.

ماددىزىمچىلارنىڭ: ﴿وَاللّهُ فَضَّلَ بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ فِي الْرِّزْقِ﴾ ﴿الله تائالا بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن رىزىقتا ئۈستۈن قىلدى﴾[1]؛ ﴿وَرَفَعْنَا بَعْضَهُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾[2] دېگەن ئايەتلەرنى دەلىل قىلىش ئارقىلىق "ئىسلام دىنى كونىلىقنى ياقلايدىغان ۋە سىنىپىي ئايرىمچىلىقنى يولغا قويىدىغان دىن" دېگەن تۆھمەتلىرىگە كېلىدىغان بولساق، بىز ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز:

بۇ ئايەتلەر قاھىرە، دەمەشىق ۋە جىددىگە ئۇيغۇن بولغىنىدەك، لوندون، پارىژ، بېرلىن ۋە موسكۋاغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز موسكۋانىڭ كوچىلىرىدا يۈرىدىغان بولساق، بەزىلەر قەدەملىرى بىلەن، بەزىلەر ۋېلىسىپىت بىلەن، بەزىلەرنىڭ يېڭى مودا ماشىنىلار بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ رىزىقتا، مەنسەپتە ۋە ئىقتىسادتا بىر-بىرى بىلەن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەمدۇ؟

بەزى ئىنسانلارنىڭ بەزىسىدىن ئۈستۈن بولۇشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر ھەقىقىتى.

---

[1] سۈرە نەھل، 71 - ئايەت.

[2] سۈر زۇخرۇف، 32 - ئايەت.

كوممۇنىزممۇ بۇ تەڭسىزلىكنى يوق قىلالمىدى. غەۋغاچى، جىدەلخور ماددىزىمچىلارمۇ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەڭ ـ باراۋەر بولۇشىدىن ئېغىز ئاچالمايدۇ. تەڭلىك مۇمكىن ئەمەس، تەڭ بولمىغاننى قانداقمۇ تەڭ قىلغىلى بولىدۇ؟ ئىنسانلار تۇغۇلغاندىن باشلاپ، زېرەكلىكتە، كۈچتە، گۈزەللىكتە، تالانتلاردا تەڭسىز تۇغۇلىدۇ، دەرىجىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ، ئىقتىسادچىلار ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى ئەمەس، پەقەت پۇرسەتتە يەنى ھەر بىر شەخسنىڭ تەلىم ـ تەربىيەدە، داۋالىنىشتا ۋە ئاددى مەئىشەتتە ئوخشاش پۇرسەتكە ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار باراۋەرلىكنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان، دىنلارمۇ ئوخشاشلا بۇنىڭغا ئۈندەيدۇ، ئەمما دەرىجىلەرنى يوق قىلىش ۋە پەرقلەرنى بىكار قىلىش زوراۋانلىقنىڭ ئۆزى ۋە دۇنيانىڭ تەبىئىتىگە خىلاپتۇركى، دۇنيانىڭ تەبىئىتىدە مېۋىلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشاش، تەڭ ۋە باراۋەر بولالماسلىقى ئومۇمىيلىققا ئىگە.

پاختا، گۈرۈچ، خورما، ئۈزۈم ۋە قوناقلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تۈرى، شەكلى ۋە قىممىتىدە ئوخشاش ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز، تەڭسىزلىك ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا بەكرەك بار. بۇ، دۇنيانىڭ ئاساسى قانۇنى.

بۇ قانۇننىڭ ھېكمىتى ناھايىتى ئوچۇق ۋە روشەن، بارلىق ئىنسانلار بىر شەكىلدە، بىر قېلىپتا ۋە بىر مەرتىۋىدە تۇغۇلغان بولسا ئىدى، ئۇلار دۇنياغا

كەلمىسىمۇ بولاتتى. ئۇلاردىن بىر نۇسخىسىلا كەلسە، باشقىلارغا ھاجەت يوق بولاتتى، تەبىئەتنىڭ پۇچەكلىشىپ، مۇنقەرز بولۇشى دېمەكتۇر.

تەبىئەتنىڭ بايلىقى ۋە مولللىقى ئۇنىڭ مېۋىلىرىنىڭ رەڭ ۋە تۈرلىرىنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشى بىلەن نامايەن بولىدۇ.

شۇنداقتىمۇ ئىسلام دىنى بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئارىسىدىكى تەڭسىزلىككە كۆز يۇممىدى، بەلكى ۋەزىيەتنى ئىسلاھ قىلىشقا بۇيرىدى، بايىنىڭ مېلىنىڭ بىر قىسمىنى كەمبەغەلنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇ تەڭسىزلىكنىڭ بىر سىناق ۋە ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ﴿وَجَعَلْنَا بَعْضَكُمْ لِبَعْضٍ فِتْنَةً أَتَصْبِرُونَ﴾ ﴿بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق، سەۋر قىلامسىلەر؟﴾[1].

بىز پات يېقىندا: "كۆچلۈك كۆچى بىلەن نېمە قىلىدۇ؟ ئۇلار ئۇ كۈچ بىلەن ئاجىزلارغا مەدەت بولامدۇ ياكى ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، زېمىندا زومىگەرلىك قىلامدۇ؟ باي بايلىقى بىلەن نېمە قىلىدۇ، يوغانچىلىق ۋە ئىسراپخورلۇق قىلامدۇ ياكى كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىشقا يۈزلىنەمدۇ؟ كەمبەغەل كەمبەغەللىكى بىلەن نېمە قىلىدۇ، غوم ـ ئاداۋەت، ئىچى يامانلىق، ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىققا يۈزلىنەمدۇ ياكى ئادىل، قانۇنى بولغان ھاياتلىق مەرتىۋىسىنى

[1] سۈرە فۇرقان، 20 ـ ئايەت.

كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەش، تىرىشىش ۋە كۈرەشنى داۋاملاشتۇرامدۇ؟“ ھەممىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرىمىز.

ئىسلام دىنى ئادالەتنى يۈرگۈزۈپ، ۋەزىيەتنى ئىسلاھ قىلسا ۋە ھەممىگە ئوخشاش پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ، تەڭلىكنى رېئاللىققا ئايلاندۇرمىسا، ئاخىرەتتىمۇ مەرتىۋىلىرىنى تەڭ قىلماسلىق بىلەن تەھدىت قىلىدى: ﴿وَلَلآخِرَةُ أَكْبَرُ دَرَجَاتٍ وَأَكْبَرُ تَفْضِيلاً﴾ ﴿ئاخىرەتتە دەرىجىلەر بەكمۇ كاتتا، بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈنلۈكمۇ بەك چوڭدۇر﴾[1].

بەزىلەر ئىسلام دىنىغا ئەكسىيەتچىل سىياسەت بىلەن تۆھمەت قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئىسلام دىنى ھۆكۈملىرى ۋە نىزاملىرىدا ئەڭ تەرەققىيپەرۋەر شەرىئەتنى ئېلىپ كەلگەن. ئىسلام دىنىدا كىشىلىك ھوقۇق ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىنى ئىگەللەيدۇ. ئىسلام دىنى بۇ جەھەتتە كىشىلىك ھوقۇق مەھكىمىسىنىڭ قانۇنلىرىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىسلامىيەت نىزامىدا: ”بىر ئىنسان پۈتۈن ئىنسانىيەتكە باراۋەر“ دەپ قارىلىدۇ. ﴿مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا﴾ ﴿كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەن بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە

[1] سۈرە ئىسرا، 21 ـ ئايەت.

(يەنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزسا)، پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەن (يەنى قۇتقۇزغان) بولىدۇ﴾[1].

بىر دۆلەتنىڭ ھاكىمى شەھەرلەرنى ۋە يېزا ـ قىشلاقلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن سېپىللارنى ۋە بىنالارنى ئىنشا قىلىشقا ئوخشاش چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغان بولۇپ، لېكىن بۇ ئىسلاھات ئۈچۈن بىگۇناھ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇ ماددىي ئىسلاھاتلار ۋە تۆھپىلەرنىڭ ھېچبىرى ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىغا تەڭ بولمايدۇ ۋە ئۇ ھاكىمنى جازالىنىشتىن قۇتقۇزالمايدۇ. چۈنكى ئۇ شۇنداق قىلىش بىلەن ھەممە خەلقنى ئۆلتۈرگەن بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەشتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، بۇ مەرتىۋىگە تارىخ بويىچە ھېچبىر سىياسى مەزھەپ ئېرىشەلمىدى. ئىسلام دىنىدا ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلىقى مۇتلەق قىممەتكە ئىگە، سىياسىي مەزھەبلەردە نىسبىي قىممەتكە ئىگە. ئىسلام دىنى ھەر بىر ئىنساننىڭ، مەيلى ئۇ ئىنسان ئىسلامنىڭ ئىچىدە ياكى سىرتىدا بولسۇن، ئۇنىڭ مېلى، رىزقى، مۈلكى، سىرلىرى ۋە ھۆررىيىتىگە كېپىلدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدىن گەپ بولمايدۇ ۋە ئىشپىيونلۇق قىلىنمايدۇ.

---

[1] سۈرە مائىدە، 32 ـ ئايەت.

سالامـلـىشــىش، ســورۇنلاردا يەر بوشــىتىـپ بىــرىش ۋە گۈزەل ـ تاتلىق سۆز قىلىشقا چاغلىق ھەممە قائىـدە قۇرئان كەرىمدە مەۋجۇت.

قۇرئان كەرىم زومىگەرلىك قىلىش ۋە ھاكىمىيەتنى يالغۇز ئىگەللىۋېلىپ، دىكتاتورلۇق قىلىشتىن قاتتىق چەكلىدى. اﷲ تائالا سالاھىيەت ئىگىسى ۋە گۇناھتىن پاك بولغان پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَنتَ عَلَيْهِم بِجَبَّار﴾ ﴿سەن ئۇلارنى زورلىغۇچى ئەمەسسەن﴾[1]؛ ﴿فَذَكِّرْ إِنَّمَا أَنتَ مُذَكِّرٌ. لَّسْتَ عَلَيْهِم بِمُصَيْطِرٍ﴾ ﴿سەن ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسەن، ئۇلارغا مۇسەللەت بولغۇچى (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن﴾[2]؛ ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن دىندا قېرىنداشلاردۇر﴾[3].

ھاكىمنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: ﴿وَلاَ يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضاً أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ﴾ ﴿اﷲنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالمايلى، ـ دېگەن﴾[4]؛ ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾[5].

---

[1] سۈرە قاف، 45 ـ ئايەت.
[2] سۈرە غاشىيە، 21 ـ ۋە 22 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئال ئىمران، 64 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ئىسرا، 23 ـ ئايەت.

غەۋغا تېرىش، خۇشامەت قىلىش، ئەقىل يۈرگۈزمەستىن باشقىلارغا يانتاياق بولۇش ۋە ئازدۇرغۇچى كۆپچىلىكنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتىن توستى. ﴿وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ﴾ ﴿لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ھەقنى بىلمەيدۇ﴾[1]؛ ﴿بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ﴾ ﴿بەلكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەقىل يۈرگۈزمەيدۇ﴾[2]؛ ﴿وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يُؤْمِنُونَ﴾ ﴿لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئىمان كەلتۈرمەيدۇ﴾[3]؛ ﴿إِن يَتَّبِعُونَ إِلاَّ الظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلاَّ يَخْرُصُونَ﴾ ﴿ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، يالغانلىلا سۆزلەيدۇ﴾[4]؛ ﴿إِنْ هُمْ إِلَّا كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ سَبِيلًا﴾ ﴿ئۇلار ھەقنى چۈشەنمەسلىكتە ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتەردۇر﴾[5].

ئىرقچىلىق ۋە مىللىيەتچىلىكتىن چەكلىدى. ﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾ ﴿اللهنىڭ نەزىرىدە سىلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكراقىڭلار، ئەڭ تەقۋادارىڭلاردۇر﴾[6]؛ ﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ﴾ ﴿ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن ياراتتى﴾[7].

ئىلمىي يوسۇندا ئېيتساق، ئىسلام دىنى ماددىزىمغا بۇرۇۋېتىلگەن يەھۇدىي دىنى بىلەن روھانىزمغا

---

[1] سۈرە يۈسۈف، 21 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنكەبۇت، 63 ـ ئايەت.

[3] سۈرە غافىر، 59 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ئەنئام، 116 ـ ئايەت.

[5] سۈرە فۇرقان، 44 ـ ئايەت.

[6] سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەت.

[7] سۈرە ئەئراف، 189 ـ ئايەت.

بۇرىۋېتىلگەن خىرىستىئان دىنىنى، جانغا جان، قانغا قان دەيدىغان كەسكىن ئادالەت، ''بىر ئېڭىكىڭىزگە ئۇرسا، يەنە بىر ئېڭىكىڭىزنى تۇتۇپ بېرىڭ'' دەيدىغان ئەپۇچان پرىنسىپلىرىدا بىرلەشتۈرگەن دىندۇر.

قۇرئان كەرىم ئاخىرەتكە تەئەللۇق بىر ھەرپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگەرتىلىپ، ماددىزىملاشتۇرۇلغان تەۋرات بىلەن پۈتۈنلەي تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىشقا بۇرۇلۇپ كەتكەن ئىنجىل ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتۇپ، ئادالەت بىلەن دوستلۇقنى بىرلەشتۈرۈشكە چاقىردى، ئۆز نەپسىنى مۇداپىئە قىلىشقا بۇيرىدى. لېكىن ئەپۇ قىلىش ۋە كەچۈرۈشنىڭ تېخىمۇ ئەۋزەللىكىنى بىلدۈردى. ﴿وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ ﴿كىمكى سەۋر قىلسا، ئىنتىقام ئالمىسا، ئۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر﴾[1].

كاپىتالىزم خۇسۇسىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكىنى باشقىلارنى تالان - تاراج ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش دەرىجىسىگە قەدەر كەڭ قويۇپ بەردى. سوتسىيالىزم بولسا، ئىنسانلارنىڭ بۇ ھوقۇقىنى تامامەن قولىدىن ئالدى، ئەمما ئىسلامىيەت ئوتتۇراھال نىزامنى ئېلىپ كەلدى. ﴿لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا اكْتَسَبُواْ وَلِلنِّسَاء نَصِيبٌ مِّمَّا اكْتَسَبْنَ﴾ ﴿ئەرلەر قىلغان

[1] سۈرە شۇرا، 43 ـ ئايەت.

كەسپلىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان كەسپلىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ﴾[1].

ئىسلامىيەتتە ھەر ئىنساننىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكى بار. لېكىن تاپقان پايدىنىڭ ھەممىنى ئۆزىگە خاس قىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ، ئۇنىڭ پايدىسىدا 2.5% تىن 90% كىچە بولغان ھەسسىسىدە كەمبەغەلنىڭ ھەققى بار بولۇپ، كەمبەغەلنىڭ ھەسسىسىنى بېرىشكە مەجبۇر. ئەگەر ئۇ شەخس تېخىمۇ كۆپ بېرىشنى خالىسا، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بولۇپ، ئارتۇقى الله يولىدا سەدىقە بولىدۇ. 2.5% تىن 90% كىچە بولغان ھەسسە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ ئىختىيارىغا قالغان سەدىقە ئەمەس، بەلكى ئۇ اللهنىڭ پايدىدا بولغان ھەققىدۇر. ئىسلام دىنى بۇ نىسبەتتە ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى بېرىش بىلەن بىرگە، كەمبەغەلنىڭ ھەققىنىمۇ بەلگىلەپ بەردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم ئىسلام ئۈممىتىگە تۆۋەندىكى ئىبارە بىلەن خىتاب قىلىشىدا تامامەن ھەقلىق ئىدى: ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا﴾ ﴿بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾[2].

ئىسلام دىنى ھەممە نەرسىدە ئادالەتنى ۋە ئوتتۇرا ھاللىقنى ئىختىيار قىلغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ھاللىقى

---

[1] سۈرە نىسا، 32 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 143 ـ ئايەت.

ھېساب جەدۋىلىدىكى ئوتتۇرا ھاللىق ئەمەس، بەلكى ئوڭ ۋە سولدىن ئىبارەت ئىككى زىتلىقنى بىرلەشتۈرىدىغان ئوتتۇرا ھاللىقتۇر. شۇڭا ئىسلامىيەتتە ئوڭچىللىقمۇ يوق، سولچىللىقمۇ يوق. ئەمما ئۇنىڭدا بىز توغرا يول دەپ ئاتىغان ۋە ھەر ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگۈچى سۈپىتىگە ئىگە ئوتتۇرا يوللۇق ئادالەت پرىنسىپى بار. كىمكى بۇ ئوتتۇرا يولدا بولماي ئوڭ ۋە ياكى سول ئىدىيەسىگە بۇرۇلىدىكەن، ئۇ كىشى ئىسلام يولىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

الله تائالا زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ۋەزىيەتلەرنىڭمۇ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر دائىم بىر دەستۇر بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، قۇرئان كەرىم ئارقىلىق بىزنى چەك — چېگرىسى بەلگىلەنگەن مۇئەييەن بىر دەستۇر ياكى تەپسىلاتى بايان قىلىنغان ھۆكۈمەت نىزامنامىسى بىلەن باغلاپ قويمىدى، ھەر زامان ۋە ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا ھۆكۈمەت نىزامنامىسىنى ئىجتىھاد قىلىپ چىقىرىشىمىزغا يول ئېچىپ بەردى.

شۇڭا قۇرئان كەرىم ھۆكۈمەت نىزامىنى بىنا قىلىشتا بىزنى مۇئەييەن بىر نەزەرىيە ۋەياكى مەلۇم بىر سىياسەتكە باغلاپ قويماستىن، بەلكى زامانىمىزغا ئەڭ ئۇيغۇن ۋە ئەڭ لايىق نىزامنى بەرپا قىلىشىمىز ئۈچۈن ئومۇمى قائىدىلەرنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ كەمچىللىكى ياكى ھۆكۈمەت سىياستى ۋە

نىزامىنى ئورنىتىشتىكى ئاجىزلىقى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ بىر مۆجىزە ۋە تەرەققىياتلارنىڭ ھەممىسىدىن بەكرەك تەرەققىيپەرۋەر دىن ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى.

ئىسلام دىنى پىكىر يۈرگۈزۈش، ئويلاش، باش قاتتۇرۇش، پىلان تۈزۈش، شەيئىلەرنىڭ ھەممىنى تەتقىق قىلىش، يىغىلىق ۋە ئۆزگىرىشلەرگە مۇناسىپ سىياسەت تۇتۇش، زامان بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ۋە تەرەققى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ﴿قُلْ سِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَانظُرُوا كَيْفَ بَدَأَ الْخَلْقَ﴾ ﴿زېمىننى ئايلىنىپ، الله تائالانىڭ مەخلۇقاتنى قانداق يوقتىن بار قىلغانلىقىغا نەزەر سېلىڭلار﴾[1]؛ ﴿فَلْيَنظُرِ الْإِنسَانُ مِمَّ خُلِقَ. خُلِقَ مِن مَّاء دَافِقٍ. يَخْرُجُ مِن بَيْنِ الصُّلْبِ وَالتَّرَائِبِ﴾ ﴿ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن. ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىيدىن يارىتىلدى. ئۇ مەنىي ئومۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ﴾[2]؛ ﴿أَفَلَا يَنظُرُونَ إِلَى الْإِبِلِ كَيْفَ خُلِقَتْ. وَإِلَى السَّمَاء كَيْفَ رُفِعَتْ. وَإِلَى الْجِبَالِ كَيْفَ نُصِبَتْ. وَإِلَى الْأَرْضِ كَيْفَ سُطِحَتْ﴾ ﴿ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى. ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى. تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى. زېمىن قانداق يېيىتىلدى﴾[3].

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 20 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تارىق، 5 ـ تىن 7 ـ ئايەتكىچە.

[3] سۈرە غاشىيە، 17 ـ دىن 20 ـ ئايەتكىچە.

بۇ ئايەتلەر ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا، زېمىن، ئاسمان ۋە يۇلتۇزلارنىڭ قانداق بېكىتىلگەنلىكى ۋە قانداق سەيىر قىلدۇرۇلىدىغانلىقىغا نەزەر سېلىپ تەتقىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇكى، بۇلار بۇگۈنكى گېئولوگىيە، ئاسترونومىيە، ئاناتومىيە، پسىخولوگىيە، بىئولوگىيە ۋە تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلىملىرىدىن ئىبارەت تەبىئىي پەن ئىلىملىرىنىڭ ئۆزىدۇر.

ئىسلامىيەتتە توغرىنى تېپىشقا ئىجتىھاد قىلىپ تۇرۇپ، خاتالىشىپ قېلىشتىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىسلام دىنى توغرىنى ئىزدەپ خاتالىشىپ قالغان كىشىگە بىر ئەجىرنى ۋەدە قىلسا، ئىزدىنىپ يۇرۇپ توغرىنى تاپقان كىشىگە ئىككى ئەجىرنى ۋەدە قىلىدۇ. توغرىنى ئىزدەپ خاتالاشقان كىشىگە: ”سەن نېمە ئۈچۈن خاتالاشتىڭ؟“ دەپ، ئۇنى ئەجىردىن مەھرۇم قىلمايدۇ، ھەقنى تېپىش ئۈچۈن قىلغان ئەجىرگە مۇناسىپ مۇكاپات بېرىدۇ.

”بىز دىن تۈتۈپ ئارقىدا قالدۇق، غەرب دۇنياسى دىنسىزلىك بىلەن تەرەققى قىلدى“ دېگەن سۆز قەتئىي توغرا ئەمەس. ھەقىقەت شۇكى، بىز دىنىمىزدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ئارقىدا قالدۇق. مۇسۇلمانلار يۇقىرىدىكى ئايەتلەرگە ئەمەل قىلغان چاغلىرىدا ناھايىتى تەرەققى قىلغان بولۇپ، تىنچ ئوكياندىن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا قەدەر يېيىلغان كاتتا دۆلەتتى بار ئىدى. تېبابەتتە ئىبنى سىنا، پەلسەپەدە

ئىبنى رۇشد، ھېسابتا ئىبنى ھەيسەم، ئاناتومىيەدە ئىبنى نەپىس، خىمىيەدە جابىر ئىبنى ھەييان قاتارلىق ئالىملىرى بار ئىدى.

ئۇ زامانلاردا پۈتۈن دۇنيا ئىلمىنى بىز مۇسۇلمانلاردىن ئالاتتى، ياۋروپادىكى قامۇسلاردا يۇلتۇز ۋە پەلەكلەرنىڭ ئىسىملىرى ھازىرغا قەدەر بىزنىڭ تىلىمىزدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

غەرب دۇنياسى دىنسىزلىك بىلەن تەرەققىي قىلمىدى، ئەكسىچە ئىلىم ـ پەن بىلەن تەرەققىي قىلدى. لېكىن ياۋروپادا دىنسىزلىك تارقالغانسېرى دىنسىزلىكنى تارقىتىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان بىر قىسىم قەلەمكەشلەر ۋە بۇ قەلەمكەشلەرگە قارىغۇلارچە ئەگەشكەن كېيىنكى زىيالىيلار، ياۋروپا تارىخىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنىڭ دۇنيا خەلقىگە ئاشكارىلىنىشىنىڭ ئالدىنى توستى. ئەپسۇسكى، بۇ خاتا چۈشەنچە كۈنىمىزگە قەدەر ئاممىۋي خەلقنىڭ پىكرىنى بۇلغىماقتا. بىز ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىنى ئازراق بولسىمۇ، چۈشەندۈرۈپ ئۆتىشىمىز لازىم:

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپانىڭ چېركاۋلىرى ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى ئىلىم ۋە ئۆلىمالارنى تەقدىرلىمەستىن، بەلكى ئۇلارنى زۇلۇم ۋە ئىسكەنجىلەردىن ئۆتكۈزۈپ، گالىلىي قاتارلىق كاتتا

ئالىمنى تۈرمىگە تاشلىغان، گىيوردانو برۇنىي[1] قاتارلىق ئالىملارنى ئوتتا كۆيدۈرگەن. چېركاۋ ھۆكۈمرانلىقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، پوپلار خرىستىيان دىنىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىلىرىدىن يىراقلىشىپ، ئۆز مەنپەئەتلىرىنىلا كۆزلىگەنلىكى ۋە بۇنىڭغا قارشى چىققان ئىلىم ۋە مەرىپەت ئىگىلىرىگە زوراۋانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ياۋروپانىڭ ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. ئەپسۇسكى، ياۋروپانىڭ بۇ ۋەزىيىتىنى تولۇق چۈشەنمىگەن ۋە مەسىلىلەرنىڭ يۈزىنىلا كۆرۈپ، تېگىنى سۈرۈشتۈرۈشكە قادىر بولالمىغانلار، بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزنىمۇ ياۋروپانىڭ قالاق ئەھۋالىغا ئوخشىتىپ: “ئىسلام دىنىمۇ ئىنسانلارنى زەھەرلەيدۇ” دېگەن بوھتاننى توقۇپ چىقتى. بۇ، ئوپئوچۇق تۆھمەتتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىدا پوپچىلىق، كاھىنلىق قەتئىي يوق. ﷲ تائالا ئۆزى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا كۆۋرۈك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بىدىكلەرنى قويمىدى. ئەكسىچە، ﷲ ئىنسانلارنى ئۆزى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ، دەرتلىرىنى ئاڭلىتىشقا بۇيرىدى.

① 1548 ـ يىلى ئىتالىيەدا دۇنياغا كەلگەن ئاسترونوم بولۇپ، كائىناتتا يەر شارىدىنمۇ بۈيۈك پلانېتالارنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭغا ئوخشىغان يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن رىم كاتولىك چېركاۋىنىڭ ئەنگىزىسيون مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشكە ھۆكۈم قىلىنغان ۋە 1600 ـ يىلى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئىسلامىيەت ئىسمىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئىجرا قىلىنغان ۋاقىتلاردا، مۇسۇلمانلار ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلغان ئىدى. تارىخ مەسىلىلەرنى يۈزەكى چۈشەنگۈچىلەرنى يالغانغا چىقىرىدۇ. چۈنكى تارىخ — ئىسلام دىنى جەمئىيەتتە ھەقىقى ئىجرا قىلىنغان ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي تەرەققى قىلغانلىقىغا گۇۋاھ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ئىنسانلارنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، دىن بىلەن ئىلىم ئارىسىدا ھېچبىر پاسىل تونۇمايدۇ. ﴿وَقُل رَّبِّ زِدْنِي عِلْمًا﴾ ﴿ئى مۇھەممەد! «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىمنى زىيادە قىلغىن» دېگىن﴾[1]؛ ﴿هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾ ﴿بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر تەڭ بولالامدۇ؟﴾[2]؛ ﴿شَهِدَ اللّهُ أَنَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ وَالْمَلاَئِكَةُ وَأُوْلُواْ الْعِلْمِ﴾ ﴿الله تائالا ئۆز ئادالىتى بىلەن گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىبادەت قىلىنغۇچى يوقتۇر، پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى﴾[3].

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۇلۇغ پەرىشتىلىرى بىلەن بىرگە تىلغا ئالدى.

---

[1] سۈرە تاھا، 144 ـ ئايەت.

[2] سۈرە زۇمەر، 9 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 18 ـ ئايەت.

قۇرئـان كـەرىمنىـڭ بىرىنچى بولـۇپ نازىـل بولغـان ئـايىتى ۋە كـەلىمىسـى: ﴿إقرأ﴾ يـەنـى ﴿ئوقـۇ﴾ دېـگەن كـەلىمىـدۇر. قۇرئـان كـەرىمـدە ئالىملارغـا ئەڭ يـۇقىرى مـەرتىـۋە بىـلەن ۋەدە قىلىنغـان. ﴿يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾ ﴿الله تائالا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ئىمـان ئېيتقـان ۋە ئىلىـم بېرىلگەنلەرنـى بىرقـانچە مەرتىـۋە كۆتۈرىدۇ﴾[1].

ئىلىـم ۋە ئىلىمـگە تەئەللـۇق كـەلىمىـلەر قۇرئـان كـەرىمنىـڭ 850 يېرىـدە تەكرارلىنىـدۇ. ھەقىـقەت شـۇنداق ئوچـۇق تـۇرۇپ، يەنە بەزىـلەر: ”دىـن ئىلىمغـا قارشى“ دېيىشكە جۈرئەت قىلىدۇ.

دىنغـا نەزەر سـېلىپ، پىكىـر ـ ئېڭىنـى تەرەققـى قىلـدۇرۇش شـەرت. ئىسـلام تارىخىنىـڭ ھەممىسـى جانلانـدۇرۇش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش ھەرىكىتـى بىـلەن مۇجەسسەملەشـكەن. قۇرئـان كـەرىـم ئىنسـانلارنى تەركىدۇنيالىقتا ئەتتىرىشتىن پاكتۇر. دىنىمىزدىكى ئاساسى ئەقىدە ۋە شەرىئەت جەۋھىرىدىن باشقا ھەممە نەرسە تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە يېڭىلاشنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەقىدىنىڭ يېڭىلانماسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، الله تائـالا بىـردۇر، ئىككـى يـاكى ئـۈچكە قـاراپ تەرەققـى قىلمايدۇ، بۇ ئەقىدە قەتئى ئۆزگەرمەيدۇ ۋە يېڭىلانمايدۇ. يامـانلىق ۋە ياخشـىلىقمۇ شـۇنداق، ئـادەم ئۆلتـۈرۈش

---

[1] سۈرە مۇجادەلە، 11 ـ ئايەت.

پەزىلەتكە، ئوغرىلىق ئىسىللىككە ۋە يالغانچىلىق ياخشىلارنىڭ زىننىتىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقىسىدا، دىندا پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئىجتىھاد قىلىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا، تەرەققى قىلدۇرۇشقا بولىدۇ.

ئىسلام ئەقىل ۋە مەنتىقىغە ئۇل سالغان دىن بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئەقىل، مەنتىقە ئىشلىتىشنى، ئۆسۈلىغا ئۆيغۇن ھالدا بەس - مۇنازىرە قىلىش ۋە ئىلمىي سورۇنلار تەشكىللەشنى تەشۋىق قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە يېرىدە: ﴿أفلا يعقلون﴾ ﴿ئۇلار ئەقىل يۈرگۈزمەمدۇ؟﴾؛ ﴿أفلا يفقهون﴾ ﴿ئۇلار چۈشەنمەمدۇ؟﴾ دېگەندەك سوئاللارنى ئۇچرىتىمىز.

بىز مۇسۇلمانلار ئىچىدە دىنىي زاتلار ئىلىم ئىگىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

﴿إِنَّ شَرَّ الدَّوَابِّ عِندَ اللّهِ الصُّمُّ الْبُكْمُ الَّذِينَ لاَ يَعْقِلُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى ھەقنى ئاڭلىماي گاس بولىۋالغان، ھەقنى سۆزلىمەي گاچا بولىۋالغان، ياخشى ـ ياماننى پەرق ئەتمەي ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر﴾[1]؛ ﴿أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَا أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا﴾ ﴿ئۇلار زېمىننى ئايلانمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار

---

[1] سۈرە ئەنفال، 22 ـ ئايەت.

چۈشىنىدىغان دەلىللەرگە ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟﴾[1].

ئەقىلنى ھۆرمەتلەش دىنىنىڭ ئاساسى، ئىجابىيلىق دىنىنىڭ يىلتىزى، ئەمەلىيەتچان بولۇش دىنىنىڭ روھىدۇر. ئىسلام دىنى ھېچقاچان ھەرىكەتلەنمەي تۇرۇپ تەۋەككۇل قىلىش ياكى سەلبىي بولۇۋېلىش دىنى ئەمەس.

﴿وَقَاتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ﴾ ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا الله يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار﴾[2]؛ ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُم بُنيَانٌ مَّرْصُوصٌ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[3].

جىھاد قىلىش ـ جېنى، مېلى ۋە ئائىلىسىدىن ۋاز كېچىپ ئۇرۇش مەيدانىدا ئارقىغا چېكىنمەستىن مۇستەھكەم، چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇشۇش، جاپاغا چىداش، مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش ۋە مۇداپىئەدە ئىزچىل بولۇشتىن ئىبارەت.

ئۇيۇشقاق، ئەقلىي، ئىلمىي، ئىجابىي ۋە ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتچان بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام دىنىنى قانداقمۇ ئارقىدا قېلىشقا، تەرەققىي قىلماسلىققا، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلماسلىققا سەۋەبچى بولىدىغان،

---

[1] سۈرە ھەج، 46 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 190 ـ ئايەت.

[3] سۈرە سەپ، 4 ـ ئايەت.

ئىنسانلار ئۆچۈن زىيانلىق ئەپيۇن دېگىلى بولسۇن؟ بۇ تۆھمەتلەر دىنىي ھېچ چۈشەنمىگەن، قۇرئاننىڭ ھەرپىدىن بىرنىمۇ ئوقۇپ باقماي، فرانسىيەدە دىنسىزلىقتا پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى ئالغان ئەزىز سۆھبەتدېشىمىزنىڭلا ئاغزىدىن چىقمىسا، باشقا ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس.

## ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىچۇ؟

پروفېسسور تونۇشۇم ماڭا مۇنداق دېدى:

سىز ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ مۇتەئەسسىپ ئىكەنلىكىدە مەن بىلەن ھەمپىكىر ئەمەسمۇ؟

ئۇ بۇ سوئالنى تاشلىغاندىن كېيىن، بارماقلىرى بىلەن ساناپ مۇنداق دېدى:

ــ بىردىن ئارتۇق ئايال بىلەن نىكاھلىنىشنى يولغا قويۇش، ئاياللارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشىنى تەشۋىق قىلىش، بەدىنىنى يۆگەش، ئاجرىشىش ھوقۇقىنى ئەرنىڭ قولىغا بېرىش، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى ئۇرۇشىنى ئەيىبلىمەسلىك، ياتاقنى ئايرىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن تەربىيە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىش، چۆرىلەرنى نىكاھسىز ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىش، ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئۈستۈن بولۇشى، ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق مىراس ئېلىش مەسىلىلىرىچۇ؟ مانا بۇلار مۇتەئەسسىپلىك ئەمەسمۇ؟

مەن بىر ئاز سىلكىنىپ، ئۆزەمنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدىم:

ــ بۇ قېتىمقى تۆھمەتلەر خېلى كۆپ، بۇ ھەقتە سۆز ئۇزىراپ كېتىشى مۇمكىن، قېنى ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن باشلايلى. ئويلىشىمچە، سىز

ئىسلام دىنىنىڭ جاھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا كەلگەنلىكىنى ياخشى بىلىسىز، ئىسلام دىنى يېڭى تۇغۇلغان قىزلارنىڭ ئاقىۋىتى چۆللەردىكى قۇملارغا تىرىك كۆمۈلۈش بىلەن ئاخىرلىشىدىغان، بىر كىشى بىرلا ۋاقىتتا 10 ـ 20 خوتۇن ئالىدىغان، چۆرىلىرىنى قاراقچىلارغا مەجبۇرىي تۇتۇپ بېرىپ، پۇلىنى ئالىدىغان، جاھالەت ھەددىدىن ئاشقان بىر جەمئىيەتكە كەلگەن ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ پەيتتە كېلىشى، كۆپ ئايال بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ئاياللارنى نومۇسسىزلىقتىن، ئۆلۈمدىن، قۇللۇقتىن، خارلىنىشتىن ۋە ئېزىلىشتىن قوغداش ئىدى.

ياۋروپادا ياشاۋاتقان ئاياللار ئۇ يەردىكى چەك ـ چېگرىسىز ھۆررىيەت ئىچىدە ئارزۇلىغان بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلىدىمۇ؟ ياۋروپادا كۆپ ساندىكى ئەرلەرنىڭ ئۆز ئاياللىرىدىن باشقا مەخپىي ۋەياكى ئاشكارا ئاشنىلىرى بار. مەيلى ئاشنىسى ياكى نىكاھتىكى ئايالى بولسۇن، بۇ ۋەزىيەتتىن بەخت يۈزى كۆرەلىدىمۇ؟

بىر ئايال ئۈچۈن پەقەت جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئارقا كوچىلاردا ئاشنا بولغىنىدىن كۆرە، ئۆزىنى چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن ۋە ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ مۇقىم ئايالى بولۇپ، ئۆزىنىڭ خوتۇنلۇق ئىززىتى، ھۆرمىتى ۋە خوتۇنلۇق ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى بەكرەك ياخشى ئەمەسمۇ؟

گەرچە ئىسلام دىنى بىرلا ۋاقىتتا بىردىن كۆپ ئايالنى نىكاھىدا تۇتۇشقا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ

رۇخسەتنى ئايالللار ئارىسىدا ئادىل بولۇش شەرتىگە باغلاپ قويدى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى بۇ ئېغىر شەرت ئارقىلىق بىردىن كۆپ ئايال بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋەتتى. ﴿فَإِنْ خِفْتُمْ أَلاَّ تَعْدِلُواْ فَوَاحِدَةً﴾ ﴿ئەگەر ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن كۇپايە قىلىڭلار﴾[1]؛ ﴿وَلَن تَسْتَطِيعُواْ أَن تَعْدِلُواْ بَيْنَ النِّسَاء وَلَوْ حَرَصْتُمْ﴾ ﴿قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا ئادىل مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر﴾[2].

تىرىشقان كىشىنىڭمۇ ئادىل بولۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقى تەكىتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بىردىن ئارتۇق ئايال بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ پەقەت نورمال ئىنسانلاردىنمۇ بەكرەك كۈچكە ئىگە پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىكى كىشىلەرگە جائىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاياللارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغىلا خاستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى بولۇپ، بۇ مەرتىۋىدىكى كىشىلەر ھەممىگە ئۈلگە بولۇشى ۋە ئېسىل ئەخلاق

---

[1] سۈرە نىسا، 3 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 129 ـ ئايەت.

بىلەن زىننەتلىنىشى لازىم. ﴿وَقَرْنَ فِي بُيُوتِكُنَّ﴾ ﴿ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار﴾[1].

بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئاياللارغا ئەڭ لايىق ئىش، ئائىلىق سۈپىتىنى ساقلاپ، ئۆي ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ، كەلگۈسىدە پارلاق ئىستىقبال بىلەن تەمىنلەش ۋە ئائىلە ئىچىدىكى ئۇنسى ـ ئۈلپەتنى راۋاجلاندۇرۇشتۇر.

ئاياللىرى كوچىلاردا، بازارلاردا، كۆلكە سورۇنلىرىدا، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە بولۇپ، پەرزەنتلىرى يەسلىلەردە، يېتىمخانىلاردا، بالا باققۇچىلاردا بولغان ئۇممەتنىڭ ھالى ياخشىمۇ ياكى ئاياللىرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئەرلىرى قايتىپ كەلسە، ئۇلارنى ئىللىق چىراي كۈتۈۋالغان، پەرزەنتلىرىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ئانىلىق مېھرى بىلەن كۆزىتىپ، ئۆز قۇچىقى، ئۆز كۆكسىدە غىزالاندۇرۇپ، ئاياللىق بۇرچىنى لايىقىدا ئادا قىلغان ئۇممەتنىڭ ھالى ياخشىمۇ؟

جاۋاب ناھايىتى ئوچۇق.

شۇنداقتىمۇ، ئىسلام دىنى ئېھتىياجلىق پەيتلەردە ئاياللارنىڭ ئۆيدىن سىرتقا چىقىشىنى چەكلەپ قويمىدى. ئىسلامىيەت ھۆكۈم سۈرگەن زامانلاردا نۇرغۇنلىغان ئالىم، شائىرە ئاياللار بار ئىدى. ئاياللار ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئۇرۇشقا قاتنىشىش دېگەندەك ئەر ـ ئايال ئايرىمچىلىقى پىكرىدە ئەقىلگە تۇنجى

[1] سۈرە ئەھزاب، 33 ـ ئايەت.

كېلىدىغان ئىشلاردىمۇ ئاياللارنىڭ ئىشتىراك قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇرۇشلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىقاتتى، ئاياللار شەرەپلىك ھالدا ئۇرۇشقا چىقىپ، ئەرلىرىگە ياردەم قىلسا، بۇنىڭدا ھېچقانداق مەسىلە يوق.

ئاياللارنىڭ يۈزى، قولى ۋە پۇتىدىن باشقا يەرلىرىنى يۆگىشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئىسلام دىنى يۈز، قول ۋە پۇتنى ئوچۇق قويۇشقا رۇخسەت قىلىپ، قالغان يەرلەرنى يۆگەشكە بۇيرىدى. چەكلەنگەن نەرسە ئىنسان نەپسىنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ، پىتنىگە باشلايدىغان جايلارنى يۆگەش رىغبەت كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە ئاياللار يالىڭاچ ياشايدۇ، ئۇ قەبىلىلەردىكى ئەر - ئاياللار ئارىسىدا ئىشقى - مۇھەببەت ۋە بىر - بىرىگە بولغان ئالاھىدە مۇئامىلە يوقالغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئاياللىرىغا ئايدا بىر قېتىملا يېقىن كېلىدۇ، ئايالى ھامىلدار بولۇپ قالسا، بىر - ئىككى يىل يېقىن يولىمايدۇ. ياز كۈنلىرى، ئاياللار سۇ بويلىرىدا يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ بولىۋېلىپ، ئەرلەرنى جەلپ قىلىش ۋە پىتنىگە سېلىشقا تىرىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بەدەنلىرى سېھىرلىك كۈچىنى يوقۇتۇپ، ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتالمايدىغان، ھېچبىر ئەركەك جىنسىنىڭ قىلىنىمۇ تەۋرىتەلمەيدىغان، خۇددى

توڭلاتقۇدىكى گۆشتەكلا ئادەتتىكى بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شۇبھىسىزكى، ئاياللارنىڭ يات جىنس ھېسسىياتىنى قوزغىيالمايدىغان ئاددىي بىر نەرسە بولماستىن، بەلكى ئەرلەرگە تەسىر قىلىدىغان، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان، ئارزۇلىنىدىغان، ھەۋەسىنى كەلتۈرىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغان قىممەتلىك گۆھەر بولۇشى (ئاياللار ئۈچۈن) تېخىمۇ پايدىلىق.

تالاق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئەرنىڭ قولىدا بولۇشىغا كەلسەك، توغرا، ئىسلام دىنى تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئەرنىڭ قولىغا بەرگەن، لېكىن بۇ ھوقۇق مۇتلەق ئۆزگەرمەس ھوقۇق ئەمەس. ئىسلام دىنى بۇ ھوقۇقنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەرنىڭ قولىغا بەرگەن، ئاياللارمۇ نىكاھ قىلىشتىن بۇرۇن تالاق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىش ۋە يېتەرلىك سەۋەبلەر تېپىلغاندا، مەھكىمىگە ئەرز سۇنۇپ، تالاق بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئىسلام دىنى ئاياللارغا ياۋروپانىڭ ئاياللىرى ئىگە بولالمىغان ھەق — ھوقۇقلارنى بەرگەن. بىز مۇسۇلمانلاردا ئەرلەر ئاياللارغا تويلۇق ئالىدۇ، ياۋروپادا بولسا، ئاياللار ئەرلەرگە تويلۇق بېرىدۇ. بىزدىكى ئاياللار توي قىلىپ بولۇپمۇ، ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى شەخسىي تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ياۋروپادىكى ئاياللار توي قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەگ ئىسمى

(فامىلىسى)دىن تارتىپ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىدۇ، ھەممە نەرسە ئېرىنىڭ نامىغا يېزىلىدۇ.

ئايالنى ئۇرۇش ۋە يېقىنچىلىق قىلماسلىق بىلەن جازالاشقا رۇخسەت قىلىش: بۇ رۇخسەت دىلى كېسەل بولغان ئاياللار ئۈچۈن بېرىلگەن خۇسۇسىي ھۆكۈم بولۇپ، ئەگەر ئايال كىشى ھەر جەھەتتىن ساق ۋە ساغلام بولسا، بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ساغلام ئاياللارغا ئەرلىرى مېھرى - مۇھەببەت، رەھمەت - شەپقەت بىلەن، نازۇك، يۇمشاق، سىلىق، شېرىن ۋە تاتلىق سۆزلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

دىلى كېسەل ئايالنى ئۇرۇش ۋە يېقىنچىلىق قىلماسلىق ئارقىلىق تەربىيە قىلىش ھازىرقى زاماندىمۇ "تەسىر كۈچى ئەڭ چوڭ" دەپ قارالغان بىر خىل داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا، بۇ ئۇسۇل قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ.

سىزمۇ بىلىسىز، پسىخولوگىيە ئىلمى بۇ خىلدىكى كېسەللەرنى مۇنداق ئىككىگە ئايرىيدۇ:

**بىرىنچىسى:** سادىزىم، يەنى ئەزىيەت، تاياق ۋە ئازابتىن لەززەتلەنگۈچىلەر. بۇ خىل كېسەل ئايال تاياق، ئازاب، ئەزىيەت ۋە ئىسكەنجىدىن لەززەتلىنىدۇ.

**ئىككىنچىسى:** شەيتانىزم، يەنى باشقىلارنى ئازابلاشتىن لەززەتلەنگۈچىلەر. بۇ خىل كېسەل ئايال

باشقىلارغا بېسىم ئىشلىتىش، ئېرىش، بوزەك قىلىش، ئەزىيەت بېرىش ۋە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ھېس قىلىشتىن لەززەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان قورالىنى تارتىۋېلىش كېرەك. ئايال كىشى ئۆزىنىڭ ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى قورال قىلىدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى كېسەل ئايالنى تۆشەككە يالغۇز تاشلاپ قويۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ كوزىرى بولغان قورالىدىن مەھرۇم قويغاندا، ئاندىن كېسەلدىن خالاس قىلغىلى بولىدۇ.

مۇشۇ سەۋەبتىن الله تائالا: ﴿وَاللاَّتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَاهْجُرُوهُنَّ فِي الْمَضَاجِعِ وَاضْرِبُوهُنَّ﴾ ﴿سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار﴾ دېدى[1].

قۇرئان مۆجىزىسى شۇكى، قۇرئان ـــ پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ غەلىتە كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان ئاياللارنى داۋالاش توغرىسىدا يېزىلغان نەچچە توملۇق كىتابلىرىنى ئىككى جۈملە سۆز بىلەنلا خۇلاسىلىدى.

سورىغۇچى ئىشارەت قىلغان: ﴿أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ﴾ ﴿ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتكە كەلسەك، بۇ

---

[1] سۈرە نىسا، 34 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 3 ـ ئايەت.

مەسىلە بىزنى شەرقشۇناسلارنىڭ: "ئىسلام دىنى ئىنسانىنى قۇللۇققا چاقىرىدۇ" دېگەن تۆھمەتكە سۆرەپ ئاپىرىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، ئىسلام دىنى ئىنسانىنى ھېچقاچان قۇللۇققا چاقىرمىدى. ئەكسىچە، قۇللۇقنى يوقىتىشقا چاقىردى. ئىسلام دىنىدىن باشقا ھېچبىر دىنىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئوخشاش قۇللۇقنى يوقىتىش چاقىرىقى يوق.

ئىنجىلنى ئوقۇيدىغان بولساق، بولىسنىڭ ئەپسۇسلارچە قىلغان سۆزلىرىدە، قۇللارنى خوجايىنلىرىغا خۇددى پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلغاندەكلا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى ئوپئوچۇق كۆرىمىز.

ئىنجىلدا قۇللۇقنى يوقىتىشقا چاقىرىدىغان نىزامنامە تېپىلمايدۇ، ئۇنىڭدا پەقەت قۇللار بىلەن خوجايىنلار ئارىسىدا مېھرى - مۇھەببەتلىك بولۇش ۋە خوجايىنلارنىڭ قۇللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى تەۋسىيە قىلىنغان.

ھازىر ئوقۇلۇۋاتقان تەۋراتقا قارايدىغان بولساق، ھۆر كىشىلەرنىڭ نېسىۋىسىنىڭ قۇللارنىڭكىدىنمۇ ناچار ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. تەۋراتنىڭ تەۋسىيەلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇرۇش قىلماي تەسلىم بولغان جاينىڭ خەلقى ئەسىر ئېلىنىپ، قۇل قىلىنىدۇ. مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇرۇشقان بولسىمۇ، كۈچى يەتمەي تەسلىم بولغان جايلارنىڭ

خەلقى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ھەممىسى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

دېمەك، قۇللۇق ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن ئورناپ كەتكەن بىر ھەقىقەت بولۇپ، دىنلارمۇ قۇللارنى خوجايىنلىرىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ئاندىن قۇرئان كەرىم نازىل قىلىندى ۋە قۇللارنى ئازات قىلىش ھەققىدە سۆز قىلغان ساماۋىي دىنلارنىڭ تۇنجىسى بولۇش شەرىپىگە نائىل بولدى.

قۇرئان كەرىم قۇللۇقنى ئوچۇق ئىبارە بىلەن ھارام قىلمىغىنىدەك، قۇللۇقنى يوقىتىشنىمۇ ئوچۇق ئىبارە بىلەن بۇيرىمىدى، ئەگەر قۇللۇقنى بىراقلا يوقىتىشقا بۇيرىغان بولسا ئىدى، بىر ئىجتىمائىي پالاكەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولاتتى، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا مىڭلارچە قۇل ئىشسىز، ۋەزىپىسىز ۋە ئىگىسىز قالاتتى. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك مەئىشەتلىرىنى قامداش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىدىغان، بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ۋە پاھىشىخانىلارنى ئېچىپ، قىز ـ ئوغۇللارنى بۇزىدىغان پەسكەش ئىنسانلارغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە قۇللۇقتىنمۇ يامان ئەھۋال. قۇرئان كەرىم بۇ مەسىلىنى شۇنداق ھەل قىلدىكى، ئالدى بىلەن يېڭىدىن قۇل قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېتىۋەتتى، ئاندىن مەۋجۇت بولغان قۇللۇقنى يوقىتىش پرىنسىپىنى قوللاندى، ئۇ زامانلاردا قۇللار ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغانلار ئىدى، قۇرئان كەرىم ئەسىرلەرنى قۇل قىلىۋالماسلىققا، ئۇلارنى بەدەلسىز

قويۇپ بېرىش ياكى فىدىيە تۆلىگەندىن كېيىن ئازات قىلىۋېتىشكە بۇيرىدى: ﴿فَإِمَّا مَنًّا بَعْدُ وَإِمَّا فِدَاءً﴾ ﴿ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار﴾[1].

ئىسلام دىنى جەمئىيەتتە بار بولغان قۇللارنى تەدرىجىي ئازاد قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كىشىلەرنى چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن قۇل ئازات قىلىشقا بۇيرىدى. جەمئىيەتتىكى ھەر ئىنسان گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن، گۇناھ ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق كىشى بىر ۋە ياكى بىر قانچە قۇل ئازات قىلىشقا باشلىسا، ئاخىرىدا جەمئىيەتتە قۇل دەيدىغان بىر نېمە قالمايدۇ. ئىسلام دىنى بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماستىن، بەلكى خوجايىنلارغا ئۆزلىرىنىڭ چۆرىلىرى بىلەن نىكاھلىنىشنى تەشۋىق قىلدى، ئىسلام قانۇنىدا بىر خوجايىن چۆرىسى بىلەن نىكاھلانسا، ئۇ چۆرە ئازات بولۇپ كېتىدۇ.

مانا بۇ، سورىغۇچى ئىشارەت قىلغان: «ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۈپايىلەنسەڭلار بولىدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ ھېكايىسى. شۈبھىسىزكى، ئۇ زامانلاردا ئۆزىنىڭ چۆرىسىنى نىكاھىغا ئېلىش ئۇنى ئەزگەنلىك ئەمەس، بەلكى ھۆرمەتلىگەنلىك بولاتتى.

شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئىسلام دىنى ئاياغ ئاستىدا دەپسەندە بولۇپ ئېزىلىۋاتقان قۇل ۋە

---

[1] سۈرە مۇھەممەد، 4 ـ ئايەت.

چۈرىلەرنىڭ ھەر مۇئمىنلەر بىلەن قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ ﴿مۇئمىنلەر بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداشتۇر﴾[1]؛ ﴿وَ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَة﴾ ﴿ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن ياراتتى﴾[2]؛ ﴿وَلاَ يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضاً أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ﴾ ﴿اللهنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالمايلى﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا قۇل ۋە چۆرىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن زەيد ئىبنى ھارىسە ئىسىملىك بىر قۇلنى بېقىۋالدى ۋە ئۇنى ئازات قىلىپ، نام ـ شۆھرەتلىك جەھش ئائىلىسىنىڭ قىزى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلەپ قويدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاماقەتلىك، جاھىللىق، نادانلىق ۋە قۇللۇقنى يوقىتىش پىلانىنىڭ ئەمەلىي مىسالىدۇر.

ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئۈستۈن بولۇشى:

بۇ، مەيلى مۇسۇلمان ياكى خىرىستىئانلار دۆلىتى بولسۇن ۋەياكى ھېچبىر دىنىي، ھېچبىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى تونىمايدىغان دۆلەت بولسۇن، ھەممە يەردە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولغان بىر ھەقىقەتتۇر.

[1] سۈرە ھۇجرات، 10 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەئراف، 189 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 64 ـ ئايەت.

ئاتېئىزمىنىڭ مەركىزى بولغان موسكۋادا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى لېنىن، ستالىن، خروشوپ ۋە بېرژنېفتىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ھەممىسى ئەرلەردۇر. فرانسىيە ۋە ئەنگلىيەدىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ باش ئەمەلدارلىرى ئەرلەر، يەر يۈزىدىكى دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ھۆكۈمەت ئەرلەرنىڭ قولىدا، ئەرلەر ھۆكۈم قىلىدۇ، ئەرلەر قانۇن چىقىرىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەردىن ئىدى، ھەتتا نەغمە ـ ناۋاچىلار ۋە ناخشا ئۇسسۇلچىلارمۇ ئەرلەردىن. ئاتاقلىق ئەدىبىياتچى ’’ئەققاد‘‘ مەسخىرە قىلىپ: ’’ئەرلەر ئاياللارنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان ئاشپەزلىك، ماشىنىچىلىق ۋە مودا ساھەلىرىنىمۇ ئىگەللەپ، پۈتۈن ئالەمگە داڭ سالدى‘‘ دېگەن. بۇلار ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەسىرى بولمىغان ھەقىقەتلەردۇر، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بۇ كۆزگە كۆرۈنىدۇ، ئىسلام دىنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە جەمئىيەتنى شۇنچە ئۆزگەرتىۋېتىدىغان كۈچكە ئىگىمۇ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت بولۇپ، ئەر كىشى الله ئالاھىدە ئاتا قىلغان تەبىئەت، خۇسۇسىيەت ۋە لاياقەتتە ئاياللاردىن ئۈستۈندۇر.

ناۋادا بىرەر ئايال مىنىستىر ياكى لىدەر ۋە ياكى دۆلەت رەئىسى بولۇپ چىقسا، ئىنسانلار بۇنىڭدىن ئەجەپلىنىدۇ، تىلدىن تىلغا رىۋايەت قىلىدۇ، ئالاھىدە ئەھۋال سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى مۇشۇ قائىدىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن باشقا بىر نەرسە قىلمىدى، بۇنىڭ ئۆزى بىزگە قۇرئان كەرىمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئايال كىشىگە بىر ھەسسە مىراس بېرىپ، ئەر كىشىگە ئىككى ھەسسە بەرگەنلىكىنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى ئائىلىنىڭ ئېھتىياجىنى ئەر كىشى قامدايدۇ، ئايال كىشىدىن ئەر كىشى خەۋەر ئالىدۇ، ھەر قانداق مەسىلە بولسا، ئەر كىشى ھەل قىلىدۇ، زور ئىشلارنىڭ ھەممىنى ئەر كىشى بېجىرىدۇ.

ئىسلام دىنى ئاياللارغا ئەڭ ئادىل مۇئامىلە قىلىدىغان دىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتى بويىچە ئاياللىرىغا مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ماڭا دۇنيادا ئاياللار ۋە خۇشبۇي سۆيۈملۈك قىلىندى، ناماز كۆز قارىچۇقۇم قىلىندى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى خۇشھىد ۋە ناماز بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاياللارنى قانچىلىك ئىززەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئاخىرقى خۇتبىسىدە ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تىلغا ئالغانىدى.

الله تائالا ئۆي ئىچىدىكى ئىشلار ئۈچۈن ئاياللارنى، سىرتتىكى ئىشلار ئۈچۈن ئەرلەرنى تاللىغان بولسا، بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان الله مەخلۇقاتىنىڭ ھەر

بىرىنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلىپ ياراتتى. ئەرلەرنى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان تەبىئەتتە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا تىرىكچىلىك ئىشلىرى، بىناكارلىق ۋە ئىنشائات قاتارلىق ئاياللارنىڭ تەبىئىتىگە ئېغىر كېلىدىغان قىلىشقا مۇئەككەل قىلدى. ئاياللارنى تېخىمۇ نازۇك ۋە يېنىك ئىشلارنى قىلىش تەبىئىتىدە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىنسان يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى بەردى. ھەر ئىككىسىنىڭ ۋەزىپىسىگە قارايدىغان بولساق، ئەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. چۈنكى ئاياللار ئەشۇ كۈچتۈڭگۈر ئەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىنسان تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئەمىلىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ كاتتا مەسئۇلىيەت يوق.

# روھ

پروفېسسور تونۇشۇم ماڭا بۇ قېتىم قىيىن بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغاندەك قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

ئىنساننىڭ روھى بارلىقى، ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن تىرىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ پەقەت بىر بەدەندىن ئىبارەت ئەمەسلىكى، ئاقىۋەتتە توپىغا كۆمۈلۈپ تۇپراققا ئايلىنىش بىلەن تۈگىمەيدىغانلىقىغا دەلىلىڭىز بارمۇ؟ روھلارنى پەيدا قىلىش ھەققىدە دىنىڭلار نېمە دەيدۇ؟

مەن بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدىم:

بۈگۈنكى سوئالىڭىزنىڭ قىممىتىدە گەپ يوق، روھ مەسىلىسىدە سۆز قىلىش چۆلدە سۇ ئىزدىگەندەكلا ئىش، مەۋجۇت بولغان ھەقىقەتلەر ناھايىتى ئاز، شۇنداقتىمۇ بۇ ھەقىقەتلەر بىزنىڭ تەرىپىمىزدە بولۇپ، سىلەرنىڭ تەرىپىڭلاردا ئەمەس.

مەن بىر ئاز ئويغا چۆمۈلۈپ قالدىم، ئاندىن مۇنداق دېدىم:

ھەر ئىككىمىز ئازراق ئويلىنىپ كۆرەيلى، روھنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىنچىسى شۇكى، ئىنسان ئىككى خىل تەبىئەتكە ئىگە بولۇپ، بىرىنچىسى، تاشقى تەبىئەت، يەنى ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى. ۋۇجۇد ئىنساننىڭ تاشقى تەبىئىتى بولۇپ، ماددىي

سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلىنىدۇ، قىياس ـ ئۆلچەمنى قوبۇل قىلىدۇ، ماكان ـ زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئىش ـ ھەرىكەتنى ھەرقاچان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە ساقلىقتىن كېسەللىككە، سېمىزلىقتىن ئورۇقلۇققا، ئاقلىقتىن قىزىللىققا، تىرىشچانلىقتىن ھورۇنلۇققا، ئۇيقۇدىن ئويغاقلىققا، ئاچلىقتىن توقلۇققا ئۆزگىرەلەيدۇ.

ئىنسان بۇ تەبىئىتى بىلەن بىرگە، مېڭىسىدە ھەر ۋاقىت ئايلىنىپ تۇرىدىغان ھاياجانلىنىش، تەسىرلىنىش، ھېسسىياتلىنىش مىجەز ـ خاراكتېرىگە ئىگە.

ئىنساننىڭ بەدىنى بۇ مىجەز ـ خاراكتېر بىلەن ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئىنساننىڭ بەدەن ئېھتىياجى ۋە شەھۋىتىنىڭ ھەر ئىككىسى ماددىدىن كېلىپ چىققان دەيمىز.

ئىككىنچىسى: بەلگىلەنگەن نىزام، قانۇن ۋە ئۆلچەم ئىچىدە ئۆزگەرمەي، مۇقىم تۇرىدۇ، زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. بۇ بولسا، ئىنساننىڭ ئەقلى، ۋىجدانى بولۇپ، ئەقىل ۋە ۋىجدان بارلىق سۆپەتلەر ئىچىدە يۇغۇرۇلغان ”مەن“ دېگەن سۆزدە خۇلاسىلىنىدۇ.

”مەن“نىڭ ئۆزى بەدەنمۇ ئەمەس، ئاچ ياكى توقلۇق بىلەن يالقۇنلىنىدىغان شەھۋانى نەپسمۇ ئەمەس.

ئىنسان ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان ”مەن“لىكتە مۇجەسسەملەشكەن زاتى ـ ماھىيىتى ئارقىلىق

ئۆزىنىڭ ھازىردا بار ۋە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر شەخسىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، كائىناتلار ئارىسىدىكى ئورۇن — مەرتىۋىسى ۋە قىممىتىنى تونۇيدۇ، بۇ تەبىئەت ئۆزگەرمەيدۇ، سەمىرمەيدۇ، كېسەل بولمايدۇ، زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى بولمايدۇ، ھەر ۋاقىت ئىنسان بىلەن بىرگە بولىدۇ، ھېچقاچان ئىنساندىن ئايرىلىپ قالمايدۇ. بۇ يەردە باشقىچە بىر بارلىق باركى، ماددا سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ، ئۆزگىرىشكە يولۇقمايدۇ، ماكان ۋە زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. قىياس ـ ئۆلچەمنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ بېكىتىلگەن، مۇقىم بىر مەۋجۇدىيەتكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۇنىڭ بىلەن قىياس قىلىمىز، ئۆلچەيمىز. شۇنداقلا، ئۇ ھېچنېمىگە باغلانمايدىغان مۇتلەق مەۋجۇدىيەت بولۇپ، ماددا دۇنياسىدىكى ماددىغا نىسبەتەن بېرىلگەن بارلىقلارنىڭ ھەممىنى ئۇنىڭ بىلەن تونۇيمىز.

بۇ مەۋجۇدىيەتكە بولغان ئەڭ توغرا سۈپەت شۇكى، ئۇ بىر روھىي مەۋجۇدىيەتتۇر، تەبىئىتىمۇ روھىدۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز شۇنى سورىشىمىز كېرەك:

ئىنساننىڭ ھەقىقى تەبىئىتى قايسى؟ بەدەنمۇ ياكى روھمۇ؟

سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلىش ئۈچۈن ئىككى تەبىئەتتىن قايسى بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ چىقىشىمىز لازىم.

ماددىزىمچىلار بىزگە مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان بەدەندىن ئىبارەت، بەدەن ھەممىگە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئەقىل، مەنتىق، گۈزەل ھېس - تۇيغۇ، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىسمى ”شەخسىيەت“ ياكى ”مەن“ دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بەدەننىڭ ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەدەنگە ئەگىشىدۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، ھەۋەس ۋە نەپسىنى تويغۇزۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەيدۇ.

مانا بۇ ماددىزىمچى قېرىنداشلارنىڭ سۆزى بولۇپ، بۇ سۆز تۈپتىن خاتا. ئەمەلىيەتتە بەدەن ئەگەشتۈرگۈچى ئەمەس، بەلكى ئەگەشكۈچى؛ بۇيرىغۇچى ئەمەس، بۇيرۇلغۇچىدۇر. بىز الله ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتۇشنى قارار قىلغاندا بەدەننىڭ ئاچ قېلىشىغا قارىمايمىز ئەمەسمۇ؟ بەدەن شەھۋەتكە بۇرالغاندا، بىز ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىمىز ئەمەسمۇ؟ ئەتىگەندە ئورنىمىزدىن تۇرغاندا، بەدەن ئەقىل بەلگىلەپ بەرگەن قانۇنلارنى، سائەتمۇ سائەت تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدۇ، بۇ يەردە قايسىسى ئەگەشكۈچى، قايسىسى ئەگەشتۈرگۈچى؟

بىر پارتىزان ئۆزىنىڭ نەپسىنى قۇربان قىلىش نىيىتىدە بەدىنىگە ئەتراپىغا پارتىلىغۇچ كەمىرىنى باغلاپ، ئالدىدىكى تانكا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنى پارتىلىتىش ئۈچۈن ئالغا باسقاندا ئۇنىڭ بەدىنى نەدە قالىدۇ؟ ئۇ ئۆلۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى

بولغان ماددىي مەنپەئەت نەدە؟ قايسىسىنى بۇرايدۇ؟ روھ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بەدەننى يوق قىلىشقا قارار قىلىدۇ، بۇنى ماددىزىمچىلارنىڭ ھېچبىرى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، بەدەن ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ، قارشى تۇرۇش كۈچىگىمۇ ئىگە ئەمەس. يوق بولۇشتىن باشقا ھېچبىر يولى يوق. ئىككى تەبىئەتتىن قايسىسىنىڭ يەنە بىرىدىن ئۈستۈن ۋە قايسىسىنىڭ ھەقىقى ئىنسان ئىكەنلىكى مانا بۇ يەردىن نامايەن بولىدۇ.

ھازىر بەدەننىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەۋجۇدىيەت ئەمەس، بەلكى ئىككىنچى دەرىجىلىك مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن دەلىللىرىمىز بار. دەۋرىمىزدە ئەزا ۋە ئورگان ئالماشتۇرۇش ھادىسىلىرى كەڭ تارقالماقتا، ئېلېكترونىك يۈرەك، سۈنئى بۆرەك، قان بانكىسى، كۆز بانكىسى، ئىنسان ئورگانلىرى ئامبىرى قاتارلىق سۆزلەر ئادەتتىكى سۆزلەردەك تۈيۈلىدىغان، ھېچكىم بۇ سۆزلەردىن ئەجەبلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. كەلگۈسىدە، بىر يىگىت توي كېچىسى كېلىنىنىڭ يېنىغا كىرگەندە، قىز يالغان چىشلىرىنى، ئۇلانما چاچلىرىنى، رېزىنكە كۆكسىنى، سۈنئى كۆزلىرىنى ۋە ياغاچ پۇتلىرىنى چىقىرىپ، ئورۇندۇق ۋە ئىشكلىرى ئېلىۋېتىلگەن ماشىنىغا ئوخشاپ قالسا، ئەجەپلەنمەسلىكى ياكى چاخچاق دەپ قارىماسلىقى مۇمكىن.

بەدەننى چۈۋۈش، قۇراشتۇرۇش ۋە ئالماشتۇرۇش مۇشۇ دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلسىمۇ، ئىنسان شەخسىيىتىگە قىلچە تەسىر يەتمەيدۇ، چۈنكى بۇ قول، پۇت، چاچ، كۆز ۋە كۆكسىنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئۇ پەقەت بەدەن دەپ ئاتالغان ماشىنىنى ھەيدەش ئۈچۈن ئۇنىڭ رولىدا ئولتۇرغان روھتۇر.

ئۇ مېڭە ھۆجەيرىلىرىدىن قۇرۇلغان ئىدارە مەجلىسىنىڭ ئىدارىسىدۇر، لېكىن ئۇ مېڭىنىڭ ئۆزى ئىنسان ئەمەس. مېڭە بەدەن ئورگانلىرىغا ئوخشاشلا ئۆزىگە كەلگەن بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىدۇ، مېڭە بىر پەلەيگە ئوخشايدۇ، ئۇ پەلەينى روھ ياكى جان دەپ ئاتالغان مەخپىي قول كىيىپ، ماددا دۇنياسىدا تەسەررۇپ قىلىدۇ.

بىز بۇ دەلىللەردىن شۇنى خۇلاسىلەپ چۈشىنىمىزكى، ئىنساننىڭ ئىككى تەبىئىتى بار، بىرىنچىسى ۋە ئاساسلىق تەبىئىتى، ئۇنىڭ قېنى ۋە روھى. ئىككىنچى تەبىئىتى، ئۇنىڭ بەدىنى.

بەدەن تۇپراقتا قېتىلىپ تۈگەيدۇ، ئەمما روھ ياكى جان ئەبەدى ئالەمگە بارىدۇ.

پەلسەپەگە ئاشىق بولغۇچىلار ئۈچۈن روھنىڭ بارلىقىغا ئۇنىڭ ھەرىكەت بىلەن ئايرىلىدىغان خاسىيىتى تەرىپىدىن باشقا بىر دەلىلنى سۇنىمىز:

ھەرىكەتنىڭ بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ ھەرىكەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرۇپ ئۆلچەش كېرەك. ھەرىكەتنىڭ سۈرئىتىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇپ

بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تاشقى بوسۇغۇسىنى تېپىپ، شۇ بوسۇغىدا تۇرۇش لازىم. سىز لېفىت ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى ياكى قانچىلىك تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيسىز، چۈنكى سىز بۇ ۋاقىتتا ئۇ لېفىتنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىسىز. سىز ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلغانلىقى ياكى سۈرئىتىنى بىلىش ئۈچۈن لېفىتنىڭ ياكى يان تەرىپىدىكى دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىشىڭىز ياكى باشقا چارە قىلىشىڭىز كېرەك.

سىلىق ماڭىدىغان پويىزدىمۇ شۇنداق. سىز سىلىق ماڭىدىغان پويىزنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ مېڭىۋاتقان ياكى ئۆز جايىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيسىز، پەقەت سىز پويىزنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىغىنىڭىزدىلا ئاندىن بىلەلەيسىز.

سىز كۈننىڭ ھەرىكىتىنىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بىلەلمەيسىز، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئاي ياكى يەر ئۈستىدە تۇرۇپ بىلەلەيسىز، يەر شارىنىڭ ھەرىكىتىنىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بىلەلمەيسىز، لېكىن ئايغا چىقىپ ئۆلچىسىڭىز، كۈننىڭ قانچىلىك تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيسىز.

بىز بىرەر ھالەتنى بىلمەكچى بولغاندا، ئۇ ھالەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ قاراش ئارقىلىق بىلەلەيمىز.

شۇڭا بىزنىڭ مەلۇم بىر پارچىمىز داۋاملىق ئالدىغا مېڭىۋاتقان ۋە ئۆتىۋاتقان بۇ زاماندىن ئايرىم ھالدا

ئەبەدىيەت بوسۇغىسى ئالدىدا تۇرمىغان بولسا ئىدى، بۇ زاماننىڭ ئۆتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن بولاتتۇق.

ناۋادا بىزنىڭ بىلىش قابىلىيىتىمىز سائەتنىڭ ئىستىرىلكىسى بىلەن تەڭ ھەرىكەت قىلغان بولسا ئىدى، ئىستىرىلكا ھەرىكىتىنىڭ تېز ياكى ئاستىلىقىنى بىلەلمىگەن بولاتتى.

بۇ نەتىجە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا زاماننىڭ ئۆتۈش دائىرىسىدىن سىرتىدا تۇرىدىغان ئەبەدى بىر پارچىمىز بار، ئۇ پارچە تىمتاسلىق بوسۇغىسىدىن زاماننىڭ ئۆتۈشىنى زامانغا ئارىلاشماستىن ئايرىم ھالدا مۇلاھىزە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ يوغىنىمايدۇ، قېرىمايدۇ، ئاجىزلىمايدۇ، سۇنمايدۇ، بەدەن تۇپراققا ئايلانغاندا، بۇ پارچە شۇ پېتى جانلىق تۇرىدۇ، زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ھاياتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مانا بۇ پارچە روھ ياكى جان دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەر كىم زامان بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىدىغان ماددى ۋۇجۇدىنىڭ ئىچىدە ئۆزلىكىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئايرىم بىر شەخسىيىتى بولغان بىر پارچىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئىچىمىزدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇشۇ ھېس بىزنى ئىچىمىزدە روھى بىر مەۋجۇدىيەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشكە باشلايدىغان ۋە قولىمىزنى روھ دەپ

ئاتالغان سىرلىق مەسىلىنىڭ ئۈستىدە قويىدىغان بىر ئاچقۇچتۇر.

روھى تەبىئىتىمىزنىڭ بارلىقىغا يەنە بىر دەلىل، يارىتىلىشىمىزدىن بۇرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ھۆررىيەت تەشنالىقىمىزدۇر. ناۋادا بىز كەسكىن ماددا قانۇنلىرى ھۆكۈم قىلىدىغان ماددا ھاياتىنىڭ ئىچىدىكى ماددا ۋۇجۇتلار بولساق ئىدۇق، ھۆررىيەتكە بولغان بۇ تەبىئى تەشنالىقىمىزنىڭ ھېچبىر مەنىسى بولمىغان بولاتتى.

دېمەك، بىزنىڭ بىر روھىمىز بار، بۇ روھ زامان، ئۆلۈم ۋە ماددىلاردىن ئەمەس. ئۇنداقتا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش قانداق بولىدۇ؟ تاكى ھازىرغىچە بىر كىم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى ئاڭلاتقىنى يوق.

بىز ھېسسىي ئورگانلىرىمىز بىلەن ھېس قىلالايدىغان، كۆزىمىز بىلەن كۆرەلەيدىغان بىر دەلىلنى سۇنايلى دېسەك، بىز تېخى ئۆلۈپ تىرىلىپ باقمىدۇق، بىز بۇ مەسىلە ھەققىدە شۇنى دېيەلەيمىزكى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ئەقىل ۋە ئىلىم قوبۇل قىلىدىغان بىر دىنى ھەقىقەتتۇر.

ئەقىل ۋە ئىلىم بۇنى قانداق توغرا تاپىدۇ؟

چۈنكى كائىناتنىڭ ھەممىسى يېڭىدىن باشلىنىشقا قايتىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ، كۈندۈزدىن كېيىن كېچە كېلىدۇ، كېچىدىن كېيىن يەنە كۈندۈز قايتىدۇ، كۈن چىقىپ پاتىدۇ، ئەتىسى يەنە

چىقىدۇ. ياز، كۈز، ئەتىيازلار قايتىلىنىدۇ، ھەر مەۋسۇم ئۆزىنى يېڭىلايدۇ، ياز كەلگەندىن كېيىن كۈز كېلىدۇ، كۈزدىن كېيىن قىش كېلىدۇ، قىشتىن كېيىن باھار كېلىدۇ، باھاردىن كېيىن ياز كېلىدۇ ۋە مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. ئۇيقۇدىن كېيىن ئويغىنىش، ئويغىنىشتىن كېيىن يەنە ئۇيقۇ كېلىدۇ. بۇ بىزگە ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن تىرىلىشنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنى باشلاتقۇچى ۋە قايتۇرغۇچى دەپ ئاتاپ مۇنداق دېگەن: ﴿كَمَا بَدَأَكُمْ تَعُودُونَ﴾ ﴿سىلەر الله دەسلەپتە پەيدا قىلغان ھالىتىڭلاردا ئەسلىگە قايتىسىلەر﴾[1]؛ ﴿إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا وَعْدَ اللَّهِ حَقًّا إِنَّهُ يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ﴾ ﴿ھەممىڭلار اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، اللهنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، شۈبھىسىزكى، مەخلۇقاتنى دەسلەپتە الله ياراتتى، ئۇنى يەنىلا ئەسلىگە قايتۇرىدۇ﴾[2].

ھەممە نەرسە زەررىدىن باشلاپ سامانيولىغا قەدەر ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ، ھەتتا تارىخ ۋە مەدەنىيەتلەرمۇ ئايلىنىدۇ. ھەر نەرسىدىكى بۇ تۈگىمەس ئايلىنىش ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ بولۇشىغا يەنە بىر دەلىل شۇكى، ئەڭ چوڭ سامان يولىدىن باشلاپ، ئەڭ

---

[1] سۈرە ئەئراف، 29 ـ ئايەت.

[2] سۈرە يۇنۇس، 4 ـ ئايەت.

كىچىك زەررىگە قەدەر ھەر نەرسىدە زەررىچىلىك نۇقسان ۋە كەمچىلىك بولمىغان ھالدا ھۆكۈم سۈرگەن تەڭپۇڭلۇق نىزامىنىڭ بارلىقىدۇر. ھەتتاكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر ئېلېكترونىدىمۇ ھەممىنى قايىل قىلغۇچى بىر نىزام ۋە قانۇنىنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. كىچىكلىكتە زەررىدىنمۇ كىچىك بولغان ئېلېكترون بىر پەلەكتىن يەنە بىر پەلەككە يۆتكىلىش ئۈچۈنمۇ گويا پويىز بىلەن سەپەر قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ بىلەتكە ئېھتىياجى بولغىنىدەك، ئۆزىنىڭ ھەرىكەت كۈچى تەڭلىكتە بولغان بىر كۈچكە موھتاج بولىدۇ. بۇ ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملىۋالغان بىر نىزامدا قاتىلنىڭ ياكى زالىمنىڭ بىر ساقچىنى ئالداش بىلەن جازادىن قېچىۋېلىشىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ؟ ئەقىل ئۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدىغان، ھېساب بېرىدىغان باشقا بىر دۇنيانىڭ شەكسىز بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ئادالەتمۇ شۇنداق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئادالەتنى تاۋلاش، ئادالەتنى ئىزدەش ۋە ئادالەتنى ھەقىقەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، بىز ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى.

شۇنداقتىمۇ، بۇ دۇنيادا يەنىلا ئادالەت يوق.

مۇتەپەككۇرلارنىڭ دېگىنىدەك، ئۇسسۇزلۇق سۇنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلىدىغان بولسا، ئادالەتكە تەشنالىقمۇ ئادالەتنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ دۇنيادا ئادالەت بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ تارازىلىرى

بىكتىلىدىغان بىر كۈنى ياكى بىر ۋاقتى بولۇشى مۇھەققەق.

بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقا بىر دۇنيانىڭ بارلىقى، ئۇ دۇنيادا ئىنسانلار قايتىدىن جانلىنىپ، بۇ دۇنيادا قىلغانلىرى ئۈچۈن ھېساب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىشارەتلەردۇر.

قۇرئان كەرىمگە ئىشەنگەن ئادەم بۇ دەلىللەرگە موھتاج بولمايدۇ، چۈنكى چىن قەلبىتىن ئىمان ئېيتىش بىلەن نەپس بۇنداق جېدەللەردىن راھەت تاپىدۇ.

ئەمدى: ”روھ دېگەن نېمە؟“ دېگەن سوئالغا كېلەيلى:

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الرُّوحِ قُلِ الرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي وَمَا أُوتِيتُم مِّن الْعِلْمِ إِلاَّ قَلِيلاً﴾ ﴿ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ، روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن﴾[1].

بۇ بىر سىرلىق نەرسە بولۇپ، ھېچكىم ئۇ ھەقتە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، قۇرئان كەرىمدە ”روھ“ دېگەن سۆز ھەر قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا: «”ئۇنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ“ دېگىن» دېگەن سۆز بىللە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ﴿يُلْقِي الرُّوحَ مِنْ أَمْرِهِ عَلَى مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ لِيُنذِرَ يَوْمَ التَّلَاقِ﴾ ﴿الله تائالا قىيامەت كۈنىدىن

[1] سۈرە ئىسرا، 85 ـ ئايەت.

ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ھۆكمى بويىچە بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە ۋەھيى چۈشۈرىدۇ﴾[1]: ﴿يُنَزِّلُ الْمَلآئِكَةَ بِالْرُّوحِ مِنْ أَمْرِهِ عَلَى مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ أَنْ أَنذِرُواْ أَنَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنَاْ فَاتَّقُونِ﴾ ﴿اللّه ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالىغان بەندىلىرىگە پەرىشتىلەرنى ۋەھيى بىلەن نازىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇڭلاركى، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەندىن قورقۇڭلار﴾[2]: ﴿تَنَزَّلُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ فِيهَا بِإِذْنِ رَبِّهِم مِّن كُلِّ أَمْرٍ﴾ ﴿پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ﴾[3]: ﴿وَكَذَلِكَ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ رُوحًا مِّنْ أَمْرِنَا﴾ ﴿باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق﴾[4].

ئايەتلەردىكى ”روھ“ كەلىمىسى ئەسلىدە ”جان“ دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسىمۇ، ”پەرىشتە“، ”ۋەھيي“ دېگەن كۆچمە مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ.

”روھ“ دېگەن سۆز قاچانلا تىلغا ئېلىنسا، ھەر ۋاقىت «بىزنىڭ ئەمرىمىزدىن»، «ئۇنىڭ ئەمرىدىن»، «پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىدىن» دېگەن سۆزلەر بىرگە كېلىدۇ.

---

[1] سۈرە غافىر، 15 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نەھل، 2 ـ ئايەت.

[3] سۈرە قەدر، 4 ـ ئايەت.

[4] سۈرە شۇرا، 52 ـ ئايەت.

﴿بِكَلِمَـةٍ مِّنْـهُ اسْـمُهُ الْمَسِـيحُ عِيسَـى ابْـنُ مَـرْيَمَ﴾ ﴿مـەرىشـــتىلـەر ئاللاھنىڭ كەلىمىسىدىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەريەم ئوغلى مەسىھ ئىيسادۇر﴾[1]؛ ﴿إِنَّمَا الْمَسِيحُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ رَسُولُ اللَّهِ وَكَلِمَتُهُ أَلْقَاهَا إِلَى مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِّنْه﴾ ﴿مەسىھ ئىيسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى، مەريەمگە ئاللاھنىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسى ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر﴾[2].

كەلىمە، ئەمىر دېگەن سۆزلەر بىر ـ بىرىگە مەنىداشمۇ؟

ئۇلار ئىشارەت بولۇپ، ھەقىقەتنى ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىدىن خەۋەردار بولغۇچى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئەمدى سىزنىڭ روھلارنى پەيدا قىلىش توغرىسىدىكى سوئالىڭىزغا كېلەيلى:

روھلارنى پەيدا قىلىش ۋە ھازىر كەلتۈرۈش بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا بىنائەن شۈبھىلىك ئىش، قاراڭغۇ ئۆيىنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا يورۇپ قېلىشى، پالانى ياكى پوكۇنىنىڭ روھى پەيدا بولۇشى سەۋەبىدىن دېگەنلەر، بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزچە شۈبھىلىك ئىشتۇر.

ھېنرى سودەر ئىسىملىك مۇتەپەككۇر مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭدەك كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئەسلى مەنبەئى، ئىنسانىنىڭ ئىچىدىكى باتىنى ئەقىلدۇر. ئىنساننىڭ روھىي كۈچى

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 45 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 171 ـ ئايەت.

ئىنسانىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ھېچقاچان بىر نىمە پەيدا بولغىنى يوق.

ھىندىستان مۇتەپەككۇرلىرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ كۆرۈنۈشلەر بولغاندا، ئىنساننى ئازدۇرىدىغان نەرسە ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ روھلىرى بولۇپ، ئۇ روھلار ئۆلۈكلەردىن بەزى نەرسىلەرنى بىلىدۇ. شۇ بىلگەن نەرسىلەر بىلەن ياشاۋاتقانلارنىڭ ئەقلى بىلەن ئوينىشىدۇ ۋە مازاق قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن ئەھلى سوپىلار مۇنداق دەيدۇ: بۇنداق ئەھۋاللاردا پەيدا بولىدىغىنى روھ ئەمەس، بەلكى ئىنسانىنىڭ ھەمراھىدۇر. ئۇ ھەمراھ بولسا، ئىنسانغا ھايات ۋاقتىدا ھەمراھ بولىدىغان جىندۇر، ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، ھايات قالغان جىن ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سىرلىرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلگەن كىشىنىڭ ئىنسان ھەمراھلىرى ئولتۇرۇشقان سورۇنلارغا كېلىدۇ، ھەمراھىنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلايدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى دورايدۇ، شۇنىڭ بىلەن، جىنلارنىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئاداۋەتلىك ئادىتى بويىچە سورۇندا بولغانلارنى مەسخىرە قىلىدۇ.

يەنە ئۆلار مۇنداق دەيدۇ: دەرسخانىنىڭ قوڭغۇرىقىنى باسقىنىمىزدا، خىزمەتچى ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئەپەندىلەر ئاسانلىقچە ئۆزلىرىنىڭ ئەپەندىلىك ئالەمىنى تاشلاپ كەلمەيدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش روھلار ئالەمىدىمۇ سورۇنلارغا كېلىپ سورۇن ئەھلىنى مازاق قىلىدىغانلار پەس تەبىقىدىكى روھلار، جىنلار ۋە

ئۆلارنىڭ مەرتىۋىسىدىكىلەردۇر. ئىنسانلارنىڭ روھلىرى بەرزەخ دەپ ئاتىلىدىغان باشقا بىر ئالەمدە بولۇپ، ئۇلارنى چاقىرىش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئۇ روھلار بەلكى ياخشى كۆرگۈچىلىرى بىلەن ئۇيغۇن ۋەزىيەت تېپىلغاندا چۈشلىرى ياكى ئويغاق ۋاقىتلىرىدا ئۇچرىشىشى مۇمكىن.

بىز ئىشتىراك قىلغان نۇرغۇن يىغىنلاردىن بۇ مەسىلە ھەققىدە ئالاھىدە تەجرىبىگە ئىگىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن دەيمىزكى: قاراڭغۇ ئۆيىنىڭ تۈيۈقسىزلا يورۇپ قېلىشىدا چاقىرىلغان روھلارنىڭ ھازىر بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرمۇ دەلىل مەۋجۇت ئەمەس.

بەلكى ھاسىل بولىدىغان ۋەقەلەرنى سوپىلارنىڭ كۆز قارىشى تېخىمۇ ياخشى ئىزاھلاپ بېرىدۇ.

مەسىلە تېخىچە ھەل قىلىنمىدى، تەتقىقات داۋاملاشماقتا.

ئەپسۇسكى، بۇ مەسىلىدە جادۇگەرلىك ۋە سېھىرگەرلىك ھەقىقەتلەردىن كۆپرەك بولىۋاتىدۇ، تېخى بۇ مەسىلىدە ئاخىرقى سۆز قىلىنغىنى يوق.

سىزنىڭ جىن، ئۆلگەنلەرنىڭ روھى ۋە ھەمراھى دېگەن گەپلەردىن كۈلۈپ كېتىشىڭىز ئېنىق، لېكىن ئۇنداق قىلىشقا ھېچقانداق ھەققىڭىز يوق. سىز ئۆزىڭىزنىڭ روھىغا ئىشەنمىسىڭىز، سىزدىن جىنغا ئىشىنىشىڭىزنى قانداقمۇ كۈتكىلى بولسۇن؟!

شۇنداقتىمۇ ئەگەر سىز يۈز يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولسىڭىز، بىر ئادەم كېلىپ، سىزگە تۆمۈرنى ئېرىتىدىغان كۆزگە كۆرۈنمەس لازېردىن، بىر سېكۇنت ئىچىدىلا بىر ئوكياندىن يەنە بىر ئوكيانا يۆتكىلىدىغان رەسىملەردىن، ئايدا ماڭىدىغان سەيياھتىن سۆز قىلسا، سىز كۈلۈپ تېلىقىپ، قورساقلىرىڭىزنى تۇتۇپ بولالماي قالغان هالدا ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە: "بۇ ئادەم ساراڭلار دوختۇرخانىسىدىن قاچىپ چىققاندۇ، ـ دېمەمتىڭىز؟ شۇنداقتىمۇ هازىر كۆزگە كۆرۈنۈپ، قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقان ھەقىقەتلەر ئاز ئەمەس.

# ۋىجدان

تونۇشۇم ماڭا مۇنداق دېدى:

سىلەر ۋىجداندىن گويا ئۇ مۇتلەق بىر نەرسىدەك ناھايىتى بەك ئۇلۇغلىغان ھالدا سۆز قىلىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇ ئىجتىمائى مەنپەئەتلەر پەيدا قىلغان، ئىجتىمائى مۇئامىلىلەر قېلىپىدا قۇيۇلۇپ، تامغىلانغان مىس تەڭگىنىڭ ئورنىدىكى ئاددى بىر نەرسە تۇرسا؟! بىزنىڭ نەرىمىزدە ئۇنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە شەرتلىرى پايدا ـ زىيانغا كۆرە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى بىزگە پايدا بېرىدىغان بولسا، ياخشى دەيمىز، ئەگەر بىزگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان بولسا، سىلەر كۆزلىرىڭلارنى مۇھاپىزەت قىلغاندەك مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئىپپەت ـ شەرەپ ۋە نومۇس بولسىمۇ، بىز ئۇنى يامان دەيمىز.

مەن ئۇنىڭغا سىلىقلىق بىلەن مۇنداق دېدىم:

توغرا! بۇ، مەن ئاڭلىغان ماددىزىمچىلارنىڭ پەلسەپەۋي كۆز قارىشى بولۇپ، سىلەرنىڭ بۇ قارىشىڭلارغا ئاساسەن ۋىجدان پەقەت ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان چەكلەش ۋە توسۇش ھاكىمىيىتى ۋە بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەم، بىر ئەسىر بىلەن يەنە بىر ئەسىر ۋە بىر ئۈممەت بىلەن يەنە

بىر ئۇممەت ئارىسىدا پەرق بولغان تەجرىبىنىڭ مەھسۇلاتىدىن باشقا بىر نېمە ئەمەس.

بۇ سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار. لېكىن ھەقىقەت ئۇنداق ئەمەس. ھەقىقەت شۇكى، ۋىجدان الله تائالا ئىنسانىنى ياراتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا قويغان نۇر بولۇپ، بۇ نۇر ھەر بىر ئىنسان تۇغۇلغان باشلاپ يولباشچىلىق قىلىدىغان كومپاستۇر.

بۇ ھەقتە بىزنىڭ سۆزىمىزنى تەستىقلايدىغان نۇرغۇن دەلىللەر مەۋجۇت.

ھايۋانلار ئالەمىگە بىر قاراڭ، ھايۋانلار ئالىمىدە جەمئىيەت دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. مۈشۈك تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەرنى كولاپ تەرىتىنى كۆمۈۋېتىدۇ. مۈشۈك بۇنى قايسى مۈشۈكلەر جەمئىيىتىدە ئۆگەندى؟ ئۇ مەينەتچىلىك بىلەن پاكىزلىقنىڭ ئارىسىنى قانداق ئايرىپ چىقتى؟

سىز بىرەر مۈشۈكنىڭ بېلىق ئوغرىلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ مۈشۈكنى تۇتۇپ بېشىغا ئۇرسىڭىز، ئۇ مۈشۈكنىڭ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونۇغانلىقى ئۈچۈن، كۆزلىرىنى يۇمۇپ بېشىنى مۇلايىملىق بىلەن تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرىسىز. مۈشۈك كىچىك باللار بىلەن ئويناش ئەسناسىدا بىرەر نەرسىنى چېقىۋېتىپ قالسا، قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، ئورۇندۇق ياكى كارىۋات دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ يوشۇرۇنىۋالغانلىقىنى كۆرىسىز.

مۇشۇكلەر مەملىكىتىدە بۇ تۇيغۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبلەر يوق، بىز مۇشۇكلەر جەمئىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئەسلا كۆرەلمەيمىز.

كەپتەرلەردىكى ئەر - خوتۇنلۇق مېھرى - مۇھەببەت، ئاتىنىڭ ئۆز ئىگىسىگە بولغان سادىقلىقى، يولۋاسنىڭ مەرتلىكى يۈرىكىدىن ئۇۋلىماقچى بولغان هايۋانغا ئارقىدىن هۇجۇم قىلماسلىقى، تۆگىنىڭ خىجىللىقىدىن ئادەم بار يەردە جۈپلەشمەسلىكىنىڭ هەممىسى ۋىجدانىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ۋە دەلىللىرىدۇر.

قاھىرەدە مۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەرگەن ئىدى: قاھىرەنىڭ خەلق سىرىك زالىدا ئويۇن قويۇلىۋاتاتتى، بىر يولۋاس ئۆزىنىڭ تەربىيىچىسى مۇھەممەد ھەلۋ دېگەن كىشىگە تۇيۇقسىز ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىنى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەندۈرگەن. كېيىن يولۋاس ئۆزىنى قەپەسكە سولىۋېلىپ، سىرتقا چىققىلى ئۇنىمىغان، غىزالىنىشنىمۇ رەت قىلغان. كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن، بىر باغچىغا يۆتكەپ قويغان، لېكىن ئۇ يولۋاس يېنىغا كىرگۈزۈپ قويۇلغان چىشى يولۋاسقا دەھشەتلىك خىرىس قىلىپ قوغلىۋەتكەن، ئاندىن ئۆزىنىڭ گۇناھكار قولىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكەن، يېمەك - ئىچمەك، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن بىراقلا قول ئۈزۈپ ئۆلۈپ كەتكەن.

بىر هايۋان ئۆزىنىڭ جىنايىتىگە پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا، بۇ هايۋان قايسىبىر يىرتقۇچ

ھايۋانلار دۇنياسىدىن بۇ ئادەتلەرنى ئۆگەندى؟ يىرتقۇچ ھايۋانلار جەمئىيىتىدە ئىنسانغا ئىتىلغانلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بىلەن جازالىنامدۇ؟

ھايۋانلاردىكى بۇ ئىسىل خۇسۇسىيەت ۋە ۋىجدان (بەزى) ئىنسانلاردىمۇ تېپىلمايدۇ. ھايۋانلارنىڭ بۇ قىلىقلىرى شەيئىلەرنى ماددىي تەرىپىدىنلا چۈشەندۈرۈش ۋە ۋىجدانىمۇ ماددا ئىدىيەسى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ قانچىلىك خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز كۆرۈۋاتقان بۇ ھادىسىلەرنى: ”ۋىجدان ـ الله تائالا ئىنسانىنى ياراتقاندا، ئۇنىڭغا قويغان نۇردۇر“ دەپ چۈشەندۈرگەن دىندىن باشقا بىر نىمە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئەسناسىدا ئاساس قىلىنغان ئىسىللىكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىلاھىي نۇر بىلەن ئەمىلىيلىشىدۇ.

يولۋاس بىلەن ئىگىسى ئارىسىدا ھاسىل بولغان ۋەقە دەل مۇشۇنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ، ئىككىسى ئارىسىدا دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئورنىغان بولۇپ، يولۋاس بۇ دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن پەرىشان بولدى. ئۇنىڭ قەلبى ياراتقۇچى ياراتقاندا بىللە ياراتقان شەپقەت تۇيغۇلىرى بىلەن ئويغاندى، ئاخىرىدا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”باشقىلار ساڭا پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ، سەن يەنە قەلبىڭدىن پەتىۋا

سورىغىن“ دېگىنىدەك: ”ھالال ۋە ھارام ئاشكارا بايان قىلىندى“.

توغرا بىلەن خاتانى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن شەرىئەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈشكە موھتاج ئەمەسمىز. ھەق بىلەن باتىل، ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىسى ئېنىق ئايرىلدى. اللە تائالا ھەر بىرىمىزنىڭ قەلبىدە شەرىئەت فاكۇلتېتى قويۇپ، خاتالاشمايدىغان تارازا بېكىتتى. بىزدىن پەقەت نەپسىمىزنى كۆز بويايدىغان ماددىلاردىن ۋە شەھۋەتتىن يىراق تۇتۇشىمىز، ئىجتىمائىي تەجرىبىگىلا يۆلەنمەستىن، اللەنىڭ نۇرى بىلەن ئەقلىنى ئىشلىتىشىمىز، كۆرۈپ تونۇشىمىز ۋە ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إَن تَتَّقُواْ اللّهَ يَجْعَل لَّكُمْ فُرْقَاناً وَيُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر اللەتىن قورقساڭلار، اللە سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. اللە كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر﴾[1].

سوپى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلجاببارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، اللە تائالا ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «سېنىڭ قەلبىڭدە مېنىڭ ئەلچىم ۋە باياناتچىم تۇرۇپ، قانداقمۇ مەندىن ئۆمىد ئۈزىسەن؟»

[1] سۈرە ئەنفال، 29 ـ ئايەت.

ۋىجدان ئىسپاتلانغان ھەقىقەتتۇر، ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەرمۇ ھەم شۇنداق. گۇناھسىز بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈش ھېچقاچان پەزىلەتلىك ئىش بولالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئوغرىلىق قىلىش، يالغان سۆزلەش، باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىش، زىنا قىلىش، ئەخلاقسىزلىق قىلىش، مۇناپىقلىق قىلىش، خىيانەت قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ناچار ئىشلاردۇر. الله تائالا زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكىلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغانغا قەدەر مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ، تاكى شۇ ۋاقىتقىچە ناچارلىق ياخشىلىققا ئايلىنىپ قالمايدۇ.

شۇنىڭدەك مۇھەببەت، رەھمەت، ساداقەت، سەۋرچانلىق، كەڭ قورساقلىق ۋە ئېھسان قاتارلىقلار پەزىلەتلىك ئەخلاقلار بولۇپ، بۇلار ئەقىل تۇگەپ، ساراڭلىق ئومۇملىشىپ، ئاسمان-زېمىن پارچىلانمىسىلا، ھەرگىز جىنايەتكە ئايلىنىپ قالمايدۇ.

# ھەج پائالىيەتلىرى بۇتپەرەسلىكمۇ؟

تونۇشۇم خاتىرجەم ھالدا بارماقلىرىنى قاراسلىتىپ، ئېزىق چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، ساختا تەبەسسۇم قىلغاندىن كېيىن، كۆزلىرى گويا يىقىتقۇچى بىر مۇشت ئېتىشقا تەييارلانغان بوكسچىنىڭ كۆزىدەك پارلىغان ھالدا مۇنداق دېدى:

ھەج پائالىيىتىنىڭ ئوپئوچۇق بۇتپەرەسلىك ئىكەنلىكىدە مەن بىلەن ھەمپىكىر ئەمەسمۇسىز؟ سىلەر "كەئبە" دەپ ئاتالغان تاش بىنانىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىسىلەر، ئۇنى سىلايسىلەر، شەيتانغا تاش ئېتىش، ساپا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يۈگۈرۈش، ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيۈش، يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىش، يەتتە تاش ئېتىش، يەتتە قېتىم يۈگۈرۈش دېگەن ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشتىكى سېھىرگەرلەرنىڭ خۇراپە - تىلسىماتلىرى ئەمەسمۇ؟ يەنە گۆش بەدەننىڭ ئۈستىگە "ئېھرام" دېگەن بىر نىمىنى كىيىسىلەر، بۇ قانداق ئىش؟ مېنىڭ ئوچۇق سۆزلىرىم كۆڭلىڭىزگە كەلگەن بولسا كەچۈرۈڭ، لېكىن ئىلىمدە ھايا يوق.

ئۇ، بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، تاماكىسىنىڭ ئىسىنى ئاستا - ئاستا پۈدەپ، كۆز ئەينىكىنىڭ ئاستىدىن مېنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

مەن تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدىم:

سىزمۇ ئۆزىڭىز ئوقۇغان ماددىي قانۇنلارنى مەن بىلەن بىرگە مۇلاھىزە قىلامسىز؟

ماددا قانۇنىدا كىچىك چوڭىنىڭ ئەتراپىدا تاۋاپ قىلىدۇ، ئاتومدىكى ئېلېكترون ئاتوم يادروسى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، ئاي زېمىننىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، زېمىن قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، قۇياش سامان يولى سىستېمىسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، سامان يولى سىستېمىسى ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. نىھايەت ھەممىسى كاتتىلىقتا مۇتلەق بولغان بىر زاتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇكى، ئۇ بولسا اللهتۇر. بىز: ”الله ئەكبەر“ يەنى ”الله ھەممىدىن كاتتا“ دەيمىزغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزنىڭ ئىلمىي قانۇنىڭىزغا بىنائەن ھەممە نەرسە اللهنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشى كېرەك، سىز ھازىر قۇياش سىستېمىسى ئەتراپىدا ئايلىنىسىز، سىز ئۆز ئىختىيارىڭىزچە ئايلانمايسىز، ئەكسىچە سىز مەجبۇرىي ھالدا قۇياش سىستېمىسى ئەتراپىدا ئايلىنىسىز، سىز پەقەت ئۆزلىكىڭىزدىنلا ئايلىنىسىز، ئايلانماي تۇرۇش سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا ئەمەس، دۇنيادا اللهتىن باشقا ھەممە نەرسە ئايلىنىدۇ، مۇقىم تۇرمايدۇ، ھەممىسى اللهنىڭ ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. مانا بۇ، سىز فىزىكىدا ئوقۇغان چوڭ ـ كىچىكلىك قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزىدۇر. بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن اللهنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىمىز. ئۇ ئۆي،

ئىنسان اللهقا توْنجى قېتىم ئىبادەت قىلغان ئۆي بولۇپ، ئۇزۇن تارىختىن بېرى اللهنىڭ ئۆيى ۋە ئىشارىتى بولۇپ كەلدى. سىلەر كىرىملىن سارىيىدىكى بىر ئادەمنىڭ ھەيكىلىنى: "بۇ ئادەم ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقان" دەپ، ئۇنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن تاۋاپ قىلمامسىلەر؟ سىلەر شېكىسپىرنىڭ قەۋرىسىنى تاپالىساڭلار، بىزلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىشقا قىزىققاندەك ئۇنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىشقا قىزىققان بولاتتىڭلار، سىلەر بىر تاش ھەيكەلنىڭ ئالدىغا: "قەھرىمان ئەسكەرنىڭ بەلگىسى" دەپ گۈلچەمبىرەك قويمامسىلەر؟ سىلەر نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ بىر تاشنى: "شەيتاننىڭ بەلگىسى" دەپ تاش ئاتقىنىمىزغا تاپا ـ تەنە قىلىسىلەر؟ سىز ئوقۇغاندىن باشلاپ تاكى ئۆلگەنگە قەدەر يۈگۈرۈپ ياشايسىز، سىزدىن كېيىن، پەرزەنتىڭىز يۈگۈرۈشكە باشلايدۇ، بىزنىڭمۇ ساپادىن مەرۋەگە يۈگۈرۈشىمىز يوقتىن بارلىققا، بارلىقتىن يوقۇلۇشقا يۈگۈرگىنىمىزنىڭ بەلگىسى. ساپا يوقۇلۇشنىڭ، مەرۋە يېڭى ھاياتنىڭ مەنبىئى. يوقلۇقتىن بارلىققا، بارلىقتىن يوقۇلۇشقا بولغان بۇ خىل ھەرىكەتلەر جىمى مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلمەمدۇ؟ ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ مۇشۇ سىرلارنىڭ قىسقىچە خۇلاسىسى ئىكەنلىكىنى كۆرەلمەيۋاتامسىز؟

سىز يەتتە سانىنى مەسخىرە قىلدىڭىز، مەن سىزدىن بىر سوئال سوراي، نېمە ئۈچۈن مۇزىكا

نوتىلىرى: دو، رەي، مى، فا، سو، لا، شى، دودىن ئىبارەت يەتتە دەرىجە بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قايتارما جاۋابىنىڭ دەرىجە ماقامى يەنىلا يەتتە بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سەككىز بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاسماندىكى نۇرنىڭ سىزىقى يەتتە دەرىجە بولىدۇ؟ شۇنىڭدەك ئېلېكترونلار ئاتومنىڭ كىندىكى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، قورساقتىكى بالا يەتتە ئايلىق بولغاندا تولۇق ئىنسان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن تۇغۇلسا، ئۆلۈپ كېتىش ئېهتىمالى كۆپ. بىز ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئىچىدە بىر هەپتە يەتتە كۈن هېسابلىنىدۇ. هەپتە كۈنلىرىنىڭ يەتتە بولۇشىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت جەم بولۇپ بەلگىلىمىگەن، بۇلارنىڭ هەممىسى بىر نېمىلەرگە ئىشارەت قىلمامدۇ؟ ياكى بۇلارنىڭ هەممىسى ئۆتمۈشتىكى سېهىرگەرلەرنىڭ خۇراپە - تىلسىماتلىرىمۇ؟

سۆيگىنىڭىزدىن خەت كەلسە سۆيۈنەمسىز؟ ئەلۋەتتە سۆيۈنىسىز. مۇشۇ سەۋەبتىن، سىز بۇتپەرەست بولۇپ كېتەمسىز؟

پەيغەمبىرىمىز ئۆز كىيىملىرى بىلەن كۆتۈرگەن ۋە سۆيگەن هەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيگىنىمىزگە نېمە ئۈچۈن تاپا - تەنە قىلىسىز؟ بۇنىڭدا هەرگىزمۇ بۇتپەرەستلىك يوق. چۈنكى بىز ئىبادەت پائالىيەتلىرىدە تاشنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەنىۋى ئورۇقتا ئىنتىلىمىز.

ھەج پائالىيەتلىرى پىكىرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ھېس - تۇيغۇلارنى قوزغاش ۋە دىلغا تەقۋالىقنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان بىرقانچە مۇناسىۋەتلەردىن ئىبارەت. بىز يالىڭاچ بەدەن ئۈستىگە كىيىدىغان ۋە تىكىلمىگەن بولۇشى شەرت بولغان ئېھرامغا كەلسەك، ئۇ دۇنيانىڭ زىننىتىدىن چىقىپ، ياراتقۇچىنىڭ ھۇزۇرىدا دۇنيانىڭ تەئەللۇقاتلىرىدىن پۈتۈنلەي يالىڭاچ بولۇشنىڭ بەلگىسى. بىز دۇنياغا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك مۇددەت ئىچىدە كېلىمىز، يەنە ئوخشاش شەكىلدە چىقىپ كېتىمىز، قەۋرىگە كۆز يۇمغۇچە ئارىلىقتا كىرىمىز، سىلەر پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن رەسمىي كىيىملەرنى كىيىشنى شەرت قىلامسىلەر؟ بىز دەيمىزكى: الله تائالاغا نىسبەتەن بارلىق زىننەتلەرنى چىقىرىپ، يالىڭاچ بولۇشتىن باشقا ھېچنېمە لايىق بولمايدۇ، چۈنكى الله تائالا جىمى پادىشاھلاردىن چوڭدۇر، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇش ئۈچۈن پەقەت خۇسۇسىي نەرسىلەردىن يالىڭاچ بولۇپ، كەمتەرلىك بىلەن دەرقەمدە بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدۇ. الله ئالدىدا باي، كەمبەغەل، شاھزادە ۋە مىليونېرلارنىڭ ھەممىسى كىيىدىغان بۇ ئاددى - ساددا كىيىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرقلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن دوست ۋە قېرىنداش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىزدىكى ھەج يىلىلىق ئومۇمىي ۋە كاتتا قۇرۇلتاي، جۈمە نامىزى ھەپتىدە بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان كىچىك يىغىلىش.

ئويلايدىغان ۋە پىكىر يۈرگۈزىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇتپەرەستلىكتىن يىراق گۈزەل مەنىلەردۇر.

سىز مەن بىلەن بىرگە بىر ئۆيىنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە مىليون كىشىنىڭ «الله ئەكبەر» ساداسى ياڭرىتىۋاتقانلىقىنى، نەچچە ئون خىل تىلدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى، "ئى الله! ساڭا كەلدۇق، بىز ساڭا كەلدۇق" دېگەن سۆزنى تەكرارلاش ئارقىلىق مۇھەببەت ئىشتىياقى بىلەن يىغلاپ، ئېرىپ كەتكەنلىكىگە شاھىت بولغان بولسىڭىز، سىزمۇ ئۆزىڭىز بىلمەستىنلا يىغلاپ كەتكەن، ئىنسانلار ئارىسىدا ئېرىپ كەتكەن بولاتتىڭىز. ھەممە نەرسە ئىگىسى ۋە ھۆكۈمدارى مالىكۇل مۇلك تائالانىڭ ئالدىدىكى بۇ مىسلىسىز ھۆرمەتنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەن بولاتتىڭىز ـ ئەلۋەتتە.

# قۇرئان نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئويدۇرغان كىتاب بولمىسۇن؟

تونۇشۇم سۆز ـ ئىبارىلىرىنى ئىلغاپ مۇنداق دېدى:

كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىشنى خالىمايمەن، مەن سىزنىڭ قۇرئاننى نەقەدەر ئىززەتلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، شۇنداقلا قۇرئاننىڭ قىممەتلىك بىر كىتاب ئىكەنلىكىدە مەن سىز بىلەن ھەمپىكىر، لېكىن قۇرئان نېمە ئۈچۈن مۇھەممەدنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان كىتابى ئەمەس؟ مۇھەممەدكە ئوخشاش كاتتا بىر ئادەمنىڭ قۇرئاندەك كاتتا بىر كىتابنى تۈزۈپ چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسقۇ؟ مۇشۇنداق بولۇشى ”ئۇنى الله چۈشۈردى“ دېگەندىن بەكرەك مەنتىقىغە ئۇيغۇن. چۈنكى بىز اللهنىڭ ئاسماندىن بىر نېمىنى چۈشۈرگىنىنى كۆرمىدۇق. بىز ھازىر بىر كىمنى جىبرىئىل ئىسىملىك بىر پەرىشتىنىڭ بارلىقىغا، ئۇ پەرىشتىنىڭ ئاسماندىن بىر كىتابنى ۋەھيى قىلىنغان بىر كىشىگە ئېلىپ چۈشكەنلىكىگە قايىل قىلىش قىيىن بولىدىغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز.

مەن ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدىم:

دەل ئەكسىچە بىز كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىنى، ھەقىقەتنىڭ ئىنسانغا ۋەھيى قىلىنىپ چۈشۈشىنى تەستىقلىشىمىز ئاسان

بولغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. چۈنكى ئىنسانلار بۈگۈن زېمىنغا يىراق يۇلتۇزلاردىن ئۇچار تەخسىلەرنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى، كۆزگە كۆرۈنمەس لازىرلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگىنىنى، سىمسىز دولقۇنلارنىڭ نىشانلارنى نەق ئۇرىدىغانلىقىنى، ھاۋا دولقۇنلىرىغا ئايلىنىدىغان، ئاندىن ئۇلارنى كىچىككىنە سەرەڭگە قېپىغا ئوخشاش قاپلىق سايمانىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدىغان رەسىملەرنىڭ بارلىقىنى، ئادەم سايىسىنى رەسىمگە ئالالايدىغان ئاپپاراتنىڭ بارلىقىنى، قاراڭغۇدا كۆرىدىغان كۆزلەرنىڭ بارلىقىنى، ئىنساننىڭ ئاي ئۈستىدە ماڭغانلىقىنى ۋە مارس يۇلتۇزىغا چىقىدىغان ئالەم كېمىسىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ.

ھازىرقى كۈندە اللە تائالانىڭ پەرىشتىلىرىدىن بىرىنى تاۋلىغانلىقىنى ۋە ئۇ پەرىشتىنىڭ اللەنىڭ ۋەھيىسىنى پەيغەمبەرلەردىن بىرىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاش ئانچە غەلىتە تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. جىبرىئىل ئىسىملىك پەرىشتىنىڭ بارلىقى يەنە بىر ھەقىقەت بولۇپ، بىز كۈندە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ھادىسىلەرگە نىسبەتەن ئەجەپلىنىش ۋە ھەيران قېلىشتىن تاشقىرى بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۈزۈپ چىققان كىتاب ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم شەكلى، ئىبارىلىرى، ھەرپلىرى، ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلىملىرى، سىرلىرى، گۈزەل بالاغىتى ۋە نازۇك لۇغىتى ئېتىبارى

بىلەن ئىنسان تۈزۈپ چىقالايدىغان بىر نىمە ئەمەس. بۇنىڭغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز ئىكەنلىكى، مەكتەپتە ئوقۇمىغانلىقى ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن سىرتقا چىقىپ باقمىغانلىقىنى قوشساق، بۇ سوئالنى سوراشقا ئېلىپ بارغان شەك ـ شۇبھە ۋە ئېھتىمالنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى تېخىمۇ ئايان بولىدۇ. الله تائالا سىزگە ئوخشاش قۇرئان كەرىمنى تۈزۈلگەن بىر كىتاب دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّثْلِهِ وَادْعُواْ مَنِ اسْتَطَعْتُم مِّن دُونِ اللّهِ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر راستچىل بولساڭلار، اللهتىن باشقا چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلەرنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار﴾[1].

جىنلار، پەرىشتىلەر، قابىلىيەتلىك ۋە تالانتلىق ئىنسانلار بىلەن ياردەملىشىپ قۇرئانىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار. الله تائالانىڭ بۇ چاقىرىقى ھازىرمۇ بار، ئەمما ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ھازىرغا قەدەر بىر كىم تۈزۈپ چىققىنى يوق.

بىتەرەپ ئورۇندا تۇرۇپ، ئىنجابىي نەزەر بىلەن قارايدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈزۈپ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

---

[1] سۈرە يۇنۇس، 38 ـ ئايەت.

بىرىنچى سەۋەب: ناۋادا ئۇ ئۆزى توقۇپ چىققۇچى بولسا ئىدى، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ غەم ـ قايغۇلىرى ۋە ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بولاتتى. بىز ئۇنىڭ بىر يىل ئىچىدە ئايالى خەدىچە بىلەن تاغىسى ئەبۇ تالىبتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھاياتتا شۇ ئىككىسىدىن باشقا يار ـ يۆلىكى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ سەۋەبتىن كۆپ دەرت ـ ئەلەم چەككەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ قۇرئاندا ئۇلار ھەققىدە ھېچقانداق سۆز ـ ئىبارە تاپالمايمىز. ئوغلى ئىبراھىم چاچراپ كەتكەندە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ كەتكەن بولسىمۇ، قۇرئاندا ئۇنىڭ ۋەقەلىكى پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىغان. بىز قۇرئان كەرىمنىڭ ھېچبىر يېرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ھېچقانداق ئايەت تاپالمايمىز.

بەزى ئايەتلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پىئىل ۋە پىكىرلىرىگە زىت ھالدا نازىل بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قارىغۇ كىشىدىن يۈزىنى بۇراپ، قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىغا ئالدىنى قىلغاندا چۈشكەن ئايەتكە ئوخشاش بەزى ئايەتلەر ئۇنىڭغا مالامەت قىلىپ نازىل بولغان: ﴿عَبَسَ وَتَوَلَّى. جَاءَهُ الْأَعْمَى. وَمَا يُدْرِيكَ لَعَلَّهُ يَزَّكَّى. أَوْ يَذَّكَّرُ فَتَنفَعَهُ الذِّكْرَى﴾ ﴿يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى. (ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن)

پاكلىنىشى مۇمكىن. ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن﴾[1].

بەزىدە بىر ئايەت نازىل بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشلاردىن بىرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ﴿مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتَّى يُثْخِنَ فِي الأَرْضِ تُرِيدُونَ عَرَضَ الدُّنْيَا وَاللّهُ يُرِيدُ الآخِرَةَ وَاللّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ لَّوْلاَ كِتَابٌ مِّنَ اللّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمْ فِيمَا أَخَذْتُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ ﴿پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. ئى مۇئمىنلەر! سىلەر دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، اﷲ سىلەرگە ئاخىرەتنى تىلەيدۇ. اﷲ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. اﷲنىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلدە بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار﴾[2].

بەزىدە قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەگەشكۈچىلىرىگە شۇنداق بىر سۆزنى قىلىشقا بۇرۇيدۇكى، بىر ئادەمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە بۇنداق سۆزنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس: ﴿قُلْ مَا كُنتُ بِدْعًا مِّنْ الرُّسُلِ وَمَا أَدْرِي مَا يُفْعَلُ بِي وَلَا بِكُمْ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَى إِلَيَّ وَمَا أَنَا إِلَّا نَذِيرٌ مُّبِينٌ﴾

---

[1] سۈرە ئەبەسە، 1 ـ دىن 4 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ئەنفال، 67 ـ ۋە 68 ـ ئايەتلەر.

﴿ئېيتقىنكى، تـوْنجى پەيغەمـبەر ئەمەسـمەن، ماڭـا ۋە سـىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمـايمەن، مەن پەقەت ماڭا ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن، مەن پەقەت (سـىلەرنى اللهنىـڭ ئازابىـدىن) ئوچـۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن﴾[1].

ئىختىيـارى هالـدا ئەگەشـكۈچىلىرىگە: ”ماڭـا ۋە سـىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، مەن ئـۆز نەپسـىم ئۇچـۇن پايـدىغىمۇ - زىيـانغىمۇ ئىـگە بولالمـايمەن، سـىلەر ئۇچۇنمـۇ پايـدا - زىيانغـا ئىـگە بولالمـــايمەن“ دېگەنـــدەك ســـۆزنى قىلىـــدىغان پەيغەمـبەردىن يەنە بىـرى تېپىلمايدۇ. بۇنـداق سـۆزلەر ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ تارقىلىـپ كېتىشـىگە سـەۋەبچى بولىدۇ، بۇ ئەمىلىيەتتە يۈز بەردى، يەهۇدىيلار بۇ ئـايەتنى باهانە قىلىپ: ”ئۆزىگىمۇ، بىزگىمـۇ بولىـدىغان ئىشـنى بىلمەيدىغان پەيغەمبەرنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى بار؟ بۇ ئادەمنىـڭ بىـزگە كېرىكـى يـوق“ دېيىشـتى. پەيغەمـبەر ئەلەيهىسســـالام قۇرئـــان كەرىمنـــى ئـــۆز ئىچىـــدىن ئويـدۇرۇۋالغان بولسـا ئىـدى، بۇنـداق ئـايەتلەرنى هەرگىـز ئويدۇرمىغان بولاتتى.

ئىككىنچـى سـەۋەب شـۇكى: قۇرئـان كەرىمنىـڭ ئىبارىلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىـڭ رىتىمـى، تەرتىپـــى، قۇرۇلمىســـى ۋە تۈزۈلۈشـــىنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىغا قەتئىي ئوخشىمايدىغانلىقى، بۇرۇنقى ئەرەب

[1] سۇرە ئەهقاف، 9 ـ ئايەت.

ئەدەبىياتىدا بۇنداق ئىبارىلەرنىڭ تۈزۈلۈپ باقمىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىدا تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ئۇسلۇب ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇندىن كېيىنمۇ ئەرەب ئەدەبىياتىدا بۇنىڭغا ئوخشىغان بىر ئەسەرنى كۆرۈشىمىز قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئەرەب ئەدەبىياتى نەسرىي ۋە شېئىرىي دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى. قۇرئان نازىل بولغاندىن كېيىن نەسرىي، شېئىرىي ۋە قۇرئانىي دەپ ئۈچكە ئايرىلىدىغان بولدى. بىز شېئىرمۇ ئەمەس، نەسرىمۇ ئەمەس، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بىر سۆزنىڭ ئالدىدا. شېئىر مۇزىكىسى قاپىيە ۋەزنىدە بولىدۇ. مەسىلەن، شائىر ئىبنۇل ئەبرەس ئەلئەسەدىنىڭ مۇنۇ شېئىرىغا قارايلى:

أقفر من أهله عبيد

فليس يبدي وما يعيد

شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا مۇزىكا ماقامى ئىككى بوغۇم بىلەن ئۇزۇن ”دال“ قاپىيەسىدىن چىقىدۇكى، بۇ ماقام ”ئاشقى نىزام“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىمنىڭ مۇزىكى ماقامى بولسا، ”ئىچكى نىزام“دا قۇرۇلغان. ﴿وَالضُّحَى وَاللَّيْلِ إِذَا سجى﴾ ﴿چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى ئەتراپنى قاپلىغان چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى﴾[1].

[1] سۇرە دۇھا، 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەت.

بۇ ئادىتى ئىبارىدە بوغۇممۇ يوق، قاپىيەمۇ يوق. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە خاس بىر ئاھاڭدا چىقىۋاتقانلىقى ئوچۇق.

مۇنۇ ئايەتلەرنى ئاڭلاپ كۆرۈڭ: ﴿قَالَ رَبِّ إِنِّي وَهَنَ الْعَظْمُ مِنِّي وَاشْتَعَلَ الرَّأْسُ شَيْبًا وَلَمْ أَكُن بِدُعَائِكَ رَبِّ شَقِيًّا﴾ ﴿ئۇ ئېيتتى: (يەنى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام) پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ- قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى. پەرۋەردىگارىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۇمىدسىز بولۇپ قالغىنىم يوق﴾[1]؛ ﴿طه. مَا أَنزَلْنَا عَلَيْكَ الْقُرْآنَ لِتَشْقَى. إِلَّا تَذْكِرَةً لِّمَن يَخْشَى. تَنزِيلًا مِّمَّنْ خَلَقَ الْأَرْضَ وَالسَّمَاوَاتِ الْعُلَى. الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى﴾ ﴿تاھا. قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت (اللهتىن) قورقىدىغانلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. ئۇ زېمىننى ۋە (كەڭ) ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان. مەرھەمەتلىك الله ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ) قارار ئالدى﴾[2].

بۇ ئايەتلەرگە زەڭ سالسىڭىز، ئۇنىڭ رىتىملىق ئىبارىلىرىدىن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر يانار تاغنىڭ جاراڭلىق نەغمە ئاۋازىنى ئاڭلايسىز.

﴿إِنَّا أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا صَرْصَرًا فِي يَوْمِ نَحْسٍ مُّسْتَمِرٍّ. تَنزِعُ النَّاسَ كَأَنَّهُمْ أَعْجَازُ نَخْلٍ مُّنقَعِرٍ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى بىز شۇملۇقى ئۈزۈلمەيدىغان شۇم كۈندە سوغۇق بوران ئەۋەتىپ (ھالاك

---

[1] سۈرە مەريەم، 4 - ئايەت.

[2] سۈرە تاھا، 1 - دىن 4 - ئايەتكىچە.

قىلىدۇق)، بوران كىشىلەرنى (ئورۇنلىرىدىن) يۇلۇپ كېتەتتى، گويا ئۇلار قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك ياتاتتى﴾[1].

﴿صَرْصَرًا ﴾، ﴿مُّنقَعِرٍ﴾ دېگەن كەلىمىلەر خۇددى يانار تاغنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بولۇپ، قاچانكى ئاقىۋەتتى قورقۇنچلۇق ھالاكەت بىلەن نەتىجىلەنگەن بىر خەۋەرنى ئاڭلاتسا، بۇ خەۋەرنى بايان قىلغان ئايەتنىڭ ئاھاڭى ئىنسانىنىڭ يۈرىكىنى ئاغزىغا كەلتۈرىدىغان شەكىلدە جاراڭلىق، قورقۇنچلۇق ۋە قىسقا كېلىدۇ، يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىمۇ شۇنداق. قاچانكى ئاقىۋەتتى خۇشاللىق بىلەن نەتىجىلەنگەن ياكى نەتىجىلىنىدىغان خەۋەر كەلسە، ئايەتلىرى ئۇزۇن ۋە نەغمىلىرى يېقىملىق ئىبارىلەر بىلەن قۇرۇلغان. ﴿وَقِيلَ يَا أَرْضُ ابْلَعِي مَاءكِ وَيَا سَمَاء أَقْلِعِي وَغِيضَ الْمَاء وَقُضِيَ الأَمْرُ وَاسْتَوَتْ عَلَى الْجُودِيِّ وَقِيلَ بُعْداً لِّلْقَوْمِ الظَّالِمِينَ﴾ ﴿ئى زېمىن! سۈيىڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت! تارقىغىن دېيىلدى، سۇ سوغۇلدى، اللهنىڭ (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى، زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن دېيىلدى﴾[2].

لەۋزىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىبارىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، سۆزلەرنىڭ تەركىۋى بىلەن مەنىلىرى ۋە مەقسەتلىرى پەقەت قۇرئان كەرىمدىلا مۇشۇ شەكىلدە باغلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە قەمەر، 19 ـ ۋە 20 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ھۇد، 44 ـ ئايەت.

ئۈچىنچى سەۋەب: بىز تېخىمۇ تەپسىلىي ئانالىز قىلىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ شۇ قەدەر ئىنچىكە ۋە نازۇكلۇقتا ئىكە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىزكى، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرپى ئۆز ئورنىدىن باشقا جايىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدۇ. سىز بىر سۆزنىڭ ئورنىغا يەنە بىر سۆزنى ياكى بىر ھەرپنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ھەرپنى قويالمايسىز. ھەر بىر كەلىمە مىليونلىغان سۆزلەرنىڭ ئىچىدىن تاللىنىپ، ئىلگىرى ياكى كېيىن قىلغىلى قەتئىي بولمايدىغان دەرىجىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قۇرئان كەرىمدىكى بۇ مىسلىسىز ئىنچىكىلىكنى يېزىقچىلىقتا ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيسىز.

مەسىلەن، قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿وَأَرْسَلْنَا الرِّيَاحَ لَوَاقِحَ﴾ ﴿بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق﴾[1] دېگەن ئايىتىدىكى ﴿لَوَاقِحَ﴾ دېگەن كەلىمىسىگە قاراڭ. ئۆتمۈشتە بۇ سۆزگە مەجازى مەنە بېرىپ: ”شامال بۇلۇتنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن يامغۇر چۈشۈپ زېمىننى زىرائەت قىلىشقا مۇمكىن ھالەتكە كەلتۈرىدۇ“ دەپ تەپسىر قىلىناتتى. ئەمدى بولسا، شامال تۇك چىقىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان بۇلۇتلارنى تۇك چىقارمايدىغان بۇلۇتلارغا ھەيدەپ، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشى بىلەن گۈلدۈرماما، چاقماق ۋە يامغۇر يېغىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ. ﴿لَوَاقِحَ﴾ دېگەن سۆز مۇشۇ

---

[1] سۈرە ھىجر، 22 ـ ئايەت.

مەنىدە بولىدۇ. ھازىر بىز شۇنى بىلىمىزكى، شامال چېچەكنىڭ چېڭىنى يەنە بىر چېچەككە يۆتكەيدۇ، ئاندىن ئۇ چېچەك ئۇرۇق چىقىرىشقا باشلايدۇ. يەنە شۇنى بىلىمىزكى، يامغۇر ئۆزلىكىدىنلا يامغۇر بولۇپ چۈشمەيدۇ، يامغۇر سۇلارنىڭ دولقۇن ۋە تەلپۈنۈشلىرىدىن ئۆرلەپ بۇلۇتقا سىڭگەن شەبنەم ھالىتىدىكى سۇ بولۇپ، بۇلۇتلار بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشۇش ۋە سۈركىلىش ھەرىكىتى ئارقىلىق سىقىلىپ، يامغۇر ھالىتىدە زېمىنغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەسلى مەنبەئى بولغان زېمىندىن ئايرىلغان سۇ ماددىسى يەنىلا زېمىنغا قايتىپ، زېمىندىكى ئوت - گىياھلار بىلەن بىرلىشىش ھادىسىسى مەيدانغا كېلىدۇ.

مانا بىز شۇنداق بىر كەلىمىنىڭ ئالدىدا تۇرىمىزكى، ئۇ كەلىمە مەجازى، ھەرپى ۋە ئىلمى جەھەتتە ئەڭ مۇكەممەل سۆزلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى پەننىي، ئەدەبىي ۋە نەغمىي جەھەتتىمۇ تەڭدىشى يوق بىر كەلىمە ھېسابلىنىدۇ.

اللە تائالا باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَأْكُلُواْ أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ وَتُدْلُواْ بِهَا إِلَى الْحُكَّامِ لِتَأْكُلُواْ فَرِيقًا مِّنْ أَمْوَالِ النَّاسِ بِالإِثْمِ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ (بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم

ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار﴾[1].

ئەمىلىيەتتە پارا بېرىلىدىغان ئەمەلدار پەستە ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا بولىسىمۇ، لېكىن قۇرئان كەرىمدە ﴿وَتُدْلُواْ﴾ كەلىمىسى قوللىنىلغان. ئەرەبچىدىكى ﴿وَتُدْلُواْ﴾ كەلىمىسى يۇقىرىدىن پەسكە سۇنۇلغاننى ئىپادىلەيدۇ، بۇ يەردە بۇ كەلىمىنى قوللىنىشى، ئەمەلدارنىڭ ماقامى ئۈستۈن بولسىمۇ، پارا ئېلىش بىلەن پەسكەشلىك قىلغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇركى، مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغەت جەھەتتە قانچىلىك نازۇك ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن جۈملە قۇرغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

الله تائالا جىھاد ئايىتىدە مۇنداق دېدى: {يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انفِرُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الأَرْضِ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟﴾[2].

بۇ ئايەتتە ﴿تثاقلتم﴾ كەلىمىسىنى قوللانماي، ﴿اثَّاقَلْتُمْ﴾ كەلىمىسىنى قوللاندى. چۈنكى بىرىنچى كەلىمە يۇرتىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي ئېغىرلىشىۋېلىش بىلەن بىرگە، يۇرتىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئىككىنچى كەلىمە پەقەت يۇرتىدىن

[1] سۈرە بەقەرە، 188 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 38 ـ ئايەت.

ئايرىلغۇسى كەلمەي ئېغىرلىشىۋالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا ئۇرۇشقا بۇيرۇلسا، چىققۇسى كەلمەي ئارقىغا دەسسەپ تۇرىۋالغان قورققاقلارنىڭ نەقەدەر قورقۇنچاق ۋە جاسارەتسىز ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر بالاغەت ئۇسلۇبىدا ئاشكارىلاش ئۈچۈن كەلىمىنىڭ ھەرپلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلاش ئۇسلۇبىنى قوللاندى.

الله تائالا كەمبەغەللىكتىن پەرزەنتلەرنى ئۆلتۈرمەسلىك ھۆكمىنى ئىككى سۈرىدە پەرقلىق ئىككى ئايەت بىلەن ئىپادىلىدى: ﴿وَلاَ تَقْتُلُواْ أَوْلاَدَكُم مِّنْ إمْلاَقٍ نَّحْنُ نَرْزُقُكُمْ وَإِيَّاهُمْ﴾ ﴿نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز سىلەرگە ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىمىز﴾[1]؛ ﴿وَلاَ تَقْتُلُواْ أَوْلادَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلاقٍ نَّحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَإِيَّاكُم﴾ ﴿كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز﴾[2].

ئىككى ئايەت تاسادىپىي ھالدا پەرقلىق يېزىلغان ئەمەس، بەلكى پىلانلىق ھالدا پەرقلىق نازىل قىلىنغان. "نامراتلىقتىن قورقۇپ، بالىلارنى ئۆلتۈرۈش" دېگەندە، بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ھازىرنىڭ ئۆزىدە نامرات بولغان بولىدۇ، شۇڭا ئايەتتە: "بىز سىلەرگە ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىمىز" دەپ كەلدى. "كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ بالىلارنى

---

[1] سۈرە ئەنئام، 151 - ئايەت.

[2] سۈرە ئىسرا، 31 - ئايەت.

ئۆلتۈرۈش“ بولسا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئاتا ـ ئانا كەمبەغەل ئەمەس، لېكىن باللار تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كەمبەغەل بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، باللىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئېھتىمالى بار. شۇڭا كېيىنكى ئايەتتە: ”ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز“ دەپ كەلدى. بىر يازغۇچىنىڭ ئەقلىگە مانا مۇشۇنداق ئىنچىكە پەرقلەرنىڭ كېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئايەتلەردىكى كەلىمىلەرنىڭمۇ ھەر زامان بىر ھېكمەت ئۈچۈن ئالدىغا ياكى ئارقىغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. ئوغرىلىق قىلغانلارنى جازالاش ھەققىدىكى ئايەتتە ئەر ئوغرى ئايال ئوغرىدىن بۇرۇن كەلسە، زىنا قىلغانلارنى جازالاش ھەققىدە كەلگەن ئايەتتە ئايال زىناخور ئەر زىناخوردىن بۇرۇن كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئوچۇقتۇركى، ئوغرىلىقتا ئەرلەر ئاياللارغا نىسبەتەن نەچچە ھەسسە ئاكتىپ. زىنا مەسىلىسىدە بولسا، دەسلەپكى چاقىرىق ئاياللارنىڭ ئەيىنەك ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۆزىنى پەردازلاپ، ئەرلەر ئۈچۈن ئەڭ قىسقا يوپكىنى تالالاپ كىيىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ﴿الزَّانِيَةُ وَالزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِّنْهُمَا مِئَةَ جَلْدَةٍ﴾ ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار﴾[1]؛ ﴿وَالسَّارِقُ وَالسَّارِقَةُ فَاقْطَعُواْ أَيْدِيَهُمَا جَزَاء بِمَا كَسَبَا نَكَالاً مِّنَ اللّهِ وَاللّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ ﴿ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، الله

---

[1] سۈرە نۇر، 2 ـ ئايەت.

تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار، الله (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

شۇنىڭدەك، 16 ئايەتتە قۇلاقنى كۆزدىن بۇرۇن تىلغا ئالدى: ﴿وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالأَبْصَارَ وَالأَفْئِدَةَ﴾ ﴿الله سىلەرگە قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى﴾[2]؛ ﴿وَجَعَلْنَا لَهُمْ سَمْعًا وَأَبْصَارًا وَأَفْئِدَةً﴾ ﴿بىز ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى بەردۇق﴾[3]؛ ﴿أَسْمِعْ بِهِمْ وَأَبْصِرْ﴾ ﴿قۇلاقلىرى تازا ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى تازا كۆرىدىغان بولىدۇ﴾[4]؛ ﴿إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً﴾ ﴿قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾[5]؛ ﴿وَمَا كُنتُمْ تَسْتَتِرُونَ أَنْ يَشْهَدَ عَلَيْكُمْ سَمْعُكُمْ وَلَا أَبْصَارُكُم﴾ ﴿سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) قۇلىقىڭلارنىڭ، كۆزۈڭلارنىڭ، تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار﴾[6]؛ ﴿كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ البَصِيرُ﴾ ﴿ھېچ شەيئى اللهقا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[7].

---

[1] سۈرە مائىدە، 38 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل، 78 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەھقاف، 26 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مەريەم، 38 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ئىسرا، 36 ـ ئايەت.
[6] سۈرە فۇسسىلەت، 22 ـ ئايەت.
[7] سۈرە شۇرا، 11 ـ ئايەت.

يەنى قۇلاق ھەردائىم ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، قۇلاقنىڭ كۆزدىن بەكرەك نازۇك ۋە مۇكەممەل ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۇبھە يوقتۇر.

بىز جىننىڭ بارلىقىنى ئاڭلايمىز، ئەمما كۆرمەيمىز.

پەيغەمبەرلەر اللهنىڭ سۆزلىرىنى ئىشىتتى ۋە گەپلەشتى، ئەمما ھېچكىم ئۇنى كۆرمىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى قۇلىقىدا ئاڭلاپ تەسلىم ئالدى. بىر ئانا نۇرغۇن بوۋاقنىڭ ئارىسىدىن ئۆز بالىسىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ پەرق ئېتەلەيدۇ، ئەمما بىر قاراپلا ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ يۈزىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئىنسان ئۇخلىغاندا كۆزىمۇ ئۇخلايدۇ، ئەمما قۇلىقى ئۇخلىمايدۇ. قۇلاقنى ئىلغار ئۇسكۇنىلەر بىلەن ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگىنىمىزدە، قۇلاقنىڭ ھەقىقەتەن كۆزدىنمۇ نازۇك ۋە سەزگۈر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

مال - مۈلكنى پەرزەنتلەردىن بۇرۇن تىلغا ئېلىشتىمۇ شۇنداق ھېكمەت بار: ﴿يَوْمَ لَا يَنفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ. إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ﴾ «ئۇ كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (اللهنىڭ دەرگاھىغا) پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ»[1]؛ ﴿إِنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ وَاللَّهُ عِندَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ﴾ «سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە الله

[1] سۇرە شۇئەرا، 88 ـ ۋە 89 ـ ئايەتلەر.

تەرىپىدىن) بىر تۇرلۇك سىناقتۇر، اللەنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار﴾[1]؛ ﴿لَن تُغْنِيَ عَنْهُمْ أَمْوَالُهُمْ وَلاَ أَوْلاَدُهُم مِّنَ اللّهِ شَيْئًا وَأُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنىڭ ماللىرى، بالىلىرى اللەنىڭ ئازابى ئالدىدا ھەرگىز ھېچنەرسىگە دال بولالمايدۇ، ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴾[2]؛ ﴿أَيَحْسَبُونَ أَنَّمَا نُمِدُّهُم بِهِ مِن مَّالٍ وَبَنِينَ. نُسَارِعُ لَهُمْ فِي الْخَيْرَاتِ بَل لَّا يَشْعُرُونَ﴾ ﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلاتلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۇلارغا تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾[3]؛ ﴿فَلاَ تُعْجِبْكَ أَمْوَالُهُمْ وَلاَ أَوْلاَدُهُمْ إِنَّمَا يُرِيدُ اللّهُ لِيُعَذِّبَهُم بِهَا فِي الْحَيَاةِ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، الله ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ئىرادە قىلىدۇ﴾[4]؛ ﴿اعْلَمُوا أَنَّمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌ وَزِينَةٌ وَتَفَاخُرٌ بَيْنَكُمْ وَتَكَاثُرٌ فِي الْأَمْوَالِ وَالْأَوْلَادِ كَمَثَلِ غَيْثٍ أَعْجَبَ الْكُفَّارَ نَبَاتُهُ﴾ ﴿بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇ زىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل ـ مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، (بىر يېغىش بىلەن

---

[1] سۈرە تەغابۇن، 15 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 116 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مۇئمىنۇن، 55 ـ ۋە 56 ـ ئايەتلەر.

[4] سۈرە تەۋبە، 55 ـ ئايەت.

ئۆستۈرگەن) ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ﴾[1].

مانا مۇشۇنداق ئىلگىرى - كېيىن بايان قىلىش شەكلى بەكمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىدىيەسىدە مال - مۈلكىنىڭ پەرزەنتلەردىن بەكرەك ئىززەتلىك بولۇشىدۇر.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى نەپىسلىك ۋە ئىپادىلەشتىكى بەدىئىيلىكنى باشقا ھېچنېمىدىن تاپالمايسىز. مۇنۇ ئايەتكە قاراڭ: ﴿وَإِن طَائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا﴾ ﴿ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار﴾[2].

بۇ ئايەتتە ﴿اقْتَتَلُوا﴾ ئىبارىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق، بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقان گۇرۇھلارنى بىرلەشتۈرۈۋەتتى، ئارقىدىنلا: ﴿فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا﴾ يەنى ﴿ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار﴾ دېيىش ئارقىلىق، ئىككى گۇرۇھنى ئايرىۋەتتى. بۇنىڭ بەكمۇ نازۇك بىر ھېكمىتى بار: ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپ بىر - بىرگە ئارىلىشىپ، خۇددى بىر بەدەندىن چىققان قوللاردەكلا بولۇپ كېتىدۇ. سۈلھى ئەسناسىدا ئۇلار يەنە ئىككى تەرەپ بولىدۇ ۋە ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرگە ۋەكىل ئەۋەتىدۇ. شۇڭا: «ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى

---

[1] سۈرە ھەدىد، 20 - ئايەت.

[2] سۈرە ھۇجۇرات، 9 - ئايەت.

گۇرۇھ (ئۇرۇشۇپ قالسا)، ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار» دېگەن ئىبارە كەلتۈرۈلدى.

ھەتتا ئەرەبچىدىكى زىر، باغلىغۇچى ۋە ئۇلىغۇچى ھەرپلىرىنىمۇ قۇرئان كەرىمدە خالىغان جايغا قويغىلى بولمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جايىدىن باشقا جايغا يۆتكىلىپ قالسا، ھېكمىتى، سېھرىي كۈچى ۋە سەۋەبىنى يوقىتىدۇ. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە يېرىدە: ”ئۇلار سەندىن سورايدۇ“ دېگەن ئىبارە بار:

﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَا أَكْبَرُ مِن نَّفْعِهِمَا،وَيَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلِ الْعَفْوَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن، ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، (ئېھتىياجدىن) ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار) دېگىن﴾[1]؛ ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الرُّوحِ قُلِ الرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي﴾ ﴿ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن﴾[2]؛ ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأهِلَّةِ قُلْ هِيَ مَوَاقِيتُ لِلنَّاسِ وَالْحَجِّ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن

---

[1] سۈرە بەقەرە، 219 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئىسرا، 85 ـ ئايەت.

كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) «ئۇ كىشىلەرنىڭ ( تىرىكچىلىك، سودا ـ سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئىبىز ئىچىش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر» دېگىن﴾[1].

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە: ﴿قُلْ﴾ دېگەن ئىبارە كەلدى. لېكىن تاغ ھەققىدە سورىغاندا:

﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْجِبَالِ فَقُلْ يَنسِفُهَا رَبِّي نَسْفًا﴾ ﴿ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق سورايدۇ، «پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىپ، ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ، ئۇنى سورۇيدۇ» دېگىن﴾[2] دەپ كەلدى. يەنى ﴿قُلْ﴾ دېگەن ئىبارىنىڭ ئالدىغا: "ف" ھەرپى قوشۇلۇپ، ﴿فَقُلْ﴾ بولۇپ كەلدى. ئەمما:

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ﴾ ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن﴾[3] دېگەن ئايەتتە ﴿قُلْ﴾ يەنى "ئېيتقىنكى" دېگەن ئىبارە كەلتۈرۈلمىدى، چۈنكى بۇ يەردىكى سوئال الله تائالانىڭ ئۆزى ھەققىدە بولۇپ، الله تائالا ئۆزى ھەققىدىكى سوئالغا ئۆزى جاۋاب بېرىشكە بەكرەك ھەقلىق بولغانلىقى

---

[1] سۈرە بەقەرە، 85 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تاھا، 105 ـ ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە، 186 ـ ئايەت.

ئۇچۇن بۇ ئىبارىنى كەلتۈرمىدى، ناۋادا كەلتۈرسە ئىدى، اللە تائالا ئۆزى ھەققىدە سورالغان سوئالغا ۋاستە ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن بولاتتى.

شۇنىڭدەك ”مەن“ ۋە ”بىز“ ئالماشلىرىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا كەلتۈرۈلمەيدۇ.

اللە تائالا يارىتىش، قۇرئان نازىل قىلىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشقا ئوخشىغان ئىلاھىي سۈپەتلەر جەم بولغان بىر پېئىلدىن سۆز ئاچقاندا، ”بىز“نى ئىشلىتىدۇ: ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[1]؛ ﴿نَحْنُ خَلَقْنَاكُمْ فَلَوْلَا تُصَدِّقُونَ﴾ ﴿سىلەرنى بىز ياراتتۇق، تەستىقلىشىڭلار كېرەك ئەمەسمۇ؟﴾[2]؛ ﴿إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ﴾ ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق﴾[3]؛ ﴿أَفَرَأَيْتُم مَّا تُمْنُونَ. أَأَنتُمْ تَخْلُقُونَهُ أَمْ نَحْنُ الْخَالِقُونَ﴾ ﴿سىلەر (ئاياللارنىڭ بەچچىدانىغا تۆكۈلگەن مەنىنى دەپ بېقىڭلارچۇ. ئۇنى سىلەر (ئىنسان قىلىپ) يارىتامسىلەر؟ ياكى بىز (ئىنسان قىلىپ) يارىتامدۇق؟﴾[4]؛ ﴿نَحْنُ خَلَقْنَاهُمْ وَشَدَدْنَا أَسْرَهُمْ وَإِذَا شِئْنَا بَدَّلْنَا أَمْثَالَهُمْ تَبْدِيلًا﴾ ﴿بىز ئۇلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى مەزمۇت قىلدۇق، ئەگەر بىز خالىساق (ئۇلارنى ھالاك قىلىپ)

---

[1] سۈرە ھىجر، 9 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ۋاقىئە، 57 ـ ئايەت.

[3] سۈرە قەدر، 1 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ۋاقىئە، 58 ـ ۋە 59 ـ ئايەتلەر.

ئورنىغا ئۇلارغا ئوخشاش باشقا ئادەملەرنى دەسسەتتەتتۇق﴾[1].

بۇ ئايەتلەردە كەلگەن ”بىز“ ئىبارىسى ئىلاھىي سۈپەتلەرنىڭ ئومۇمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر ئايەت مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن الله ئارىسىدا بولغىنىدەك، بەندە بىلەن الله ئارىسىدىكى خىتاب ھەققىدە بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ”مەن“ ئىبارىسى قوللىنىلىدۇ: ﴿إِنَّنِي أَنَا اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾ ﴿مەن ھەقىقەتەن اللهتۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن﴾[2].

الله تائالا بۇ ئايەتتە ”مەن“ ئىبارىسىنى ئىشلەتتى، چۈنكى الله بۇ ئايەتتە ئۆز زاتىنى تىلغا ئالدى، بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىبادەتتە ۋەھدانىيەت (اللهنى بىر دەپ بىلىش)كە دىققەت قىلىشقا بولغان ئاگاھلاندۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەكمۇ ئىنچىكە مەسىلىنى سەۋر قىلىش ھەققىدە نازىل بولغان ئىككى ئوخشاش ئايەتتە كۆرىمىز: ﴿وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ ﴿ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە

---

[1] سۈرە ئىنسان، 28 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تاھا، 14 ـ ئايەت.

تىرىشچانلىق ئىشلاردىندۇر﴾[1]؛ ﴿وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَٰلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ ﴿كىمكى سەۋر قىلسا، (اﷲنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تىرىشچانلىق ئىشلاردىندۇر﴾[2].

بىرىنچى ئايەتتە سەۋرنى: ''بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تىرىشچانلىق ئىشلاردىندۇر'' دەپ سۈپەتلىدى، ئىككىنچى ئايەتتە: ''بۇ ئەلۋەتتە قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تىرىشچانلىق ئىشلاردىندۇر'' دەپ سۈپەتلىدى. ئىككىنچى ئايەتتە ''لام'' ھەرپى بىلەن تەكىتلىشىنىڭ ھېكمىتى شۇكى، بۇ يەردىكى ''سەۋر'' سىزگە ئوخشاش ئىنسان بولغان دۈشمەندىن كەلگەن جاپا ۋە كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلىش بولۇپ، بۇ بىرىنچى ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان ئىلاھى كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلىشتىنمۇ ئېغىردۇر. ئىنساندىن كەلگەن ئەزىيەت، جاپا ۋە كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلىش تەس، ئەمما تەقدىرى ئىلاھى بولۇپ كەلگەن كۈلپەتلەرگە ھەممە باش ئېگىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا چارە يوق.

''لام'' ھەرپىدىكى مۆلاھىزىمىزنىڭ ئەينىسىنى يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش ھەققىدە نازىل بولغان ئىككى ئايەتتىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: ﴿أَفَرَأَيْتُمُ الْمَاءَ الَّذِي تَشْرَبُونَ. أَأَنتُمْ أَنزَلْتُمُوهُ مِنَ الْمُزْنِ أَمْ نَحْنُ الْمُنزِلُونَ. لَوْ نَشَاءُ جَعَلْنَاهُ أُجَاجًا فَلَوْلَا تَشْكُرُونَ﴾ ﴿سىلەر ئىچىۋاتقان سۇنى

---

[1] سۈرە لوقمان، 17 ـ ئايەت.

[2] سۈرە شۇرا، 43 ـ ئايەت.

دەپ بېقىڭلارچۇ. ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز چۈشۈردۇقمۇ؟ ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق. (پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ زور نېمەتلىرىگە) نېمىشقا شۈكۈر قىلمايسىلەر؟﴾[1]؛ ﴿أَفَرَأَيْتُم مَّا تَحْرُثُونَ. أَأَنتُمْ تَزْرَعُونَهُ أَمْ نَحْنُ الزَّارِعُونَ. لَوْ نَشَاءُ لَجَعَلْنَاهُ حُطَامًا﴾ ﴿سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ. ئۇنى سىلەر ئۇندۇردۇڭلارمۇ ياكى بىز ئۇندۇرۇپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟)، ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق﴾[2].

بىرىنچى ئايەتتە: ”ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق“ دېدى. ئىككىنچى ئايەتتە: ”ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق“ دېدى. بىرىنچىسىدە: ”ئەلۋەتتە“نى ئىپادىلەيدىغان ”لام“ يوق، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىنسانلار ئارىسىدىن ئاسماندىن تۇزلۇق يامغۇر ياغدۇرالايدىغانلىقىنى داۋا قىلىدىغان بىرىنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئەلۋەتتە دېگەن تەكىتنى ئىپادىلەيدىغان ”لام“ ھەرپىنى كەلتۈرۈشكە ھاجەت يوق ئىدى. لېكىن ئىنسانلار ئىچىدىن زىرائەتلەرنى ھالاك قىلىپ، دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇرۇشنى داۋا قىلىدىغانلار چىقىشى مۇمكىن، شۇڭا ئىككىنچى ئايەتتە ”لام“ ھەرپىنى قوشۇپ قويدى.

[1] سۈرە ۋاقىئە، 68 ـ دىن 70 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ۋاقىئە، 63 ـ دىن 65 ـ ئايەتكىچە.

بۇنىڭ ئوخشىشىنى يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىنى سۈپەتلىشى ھەققىدە كەلگەن ئىككى ئايەتتە كۆرەلەيمىز: ﴿وَالَّذِي يُمِيتُنِي ثُمَّ يُحْيِينِ﴾ ﴿ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ، كېيىن يەنە تىرىلدۈرىدۇ﴾[1]؛ ﴿وَالَّذِي هُوَ يُطْعِمُنِي وَيَسْقِينِ﴾ ﴿ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ﴾[2].

تاماق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىدە ئۇنىڭ ئىلاھىي بىر پېئىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن "هُوَ" دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى. چۈنكى ھەممە ئۇنىڭغا يېمەك ـ ئىچمەك بېرىدىغانلىقنى داۋا قىلىشى مۇمكىن. بىرىنچىسىدە بۇ كەلىمىنى كەلتۈرمىدى، چۈنكى ھېچكىم اللهقا ئوخشاش ئۆلتۈرۈش ۋە قايتىدىن تىرىلدۈرۈشنى داۋا قىلالمايدۇ.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ﴾ ﴿مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن﴾[3]. يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُواْ نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ﴾ ﴿ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار﴾[4].

---

[1] سۈرە شۇئەرا، 81 ـ ئايەت.

[2] سۈرە شۇئەرا، 71 ـ ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە، 152 ـ ئايەت.

[4] سۈرە بەقەرە، 40 ـ ئايەت.

چۈنكى يەھۇدىيلار مەنپەئەتپەرەس بولۇپ، ئۇلار اللهنى نېمەت، پايدا ۋە مەنپەت بولمىسا ياد قىلمايدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار اللهنى پايدا ۋە مەنپەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت زاتى ئىلاھىنى ياد قىلىدۇ.

ئەينى شەكىلدە الله تائالا خۇسۇسىي ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ: ﴿وَاتَّقُونِ يَا أُوْلِي الأَلْبَابِ﴾ ﴿ئى ئەقىل ئىگىلىرى! مەندىن قورقۇڭلار﴾[1] دېسە، نورمال ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ: ﴿فَاتَّقُواْ النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ﴾ ﴿ئىنسان ۋە تاشلا يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن قورقۇڭلار﴾[2] دېدى. چۈنكى ئومۇمي ئىنسانىنى دوزاختىن باشقىسى قورقۇتالمايدۇ. خۇسۇسىي ئىنسانلار اللهنىڭ ئوتتىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ۋە ئوتنى توڭلاتمايدىغان دەرىجىدە سوۋۇتالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

شەيتانىڭمۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئىچكەن قەسىمىدە يۇقىرىقىدەك سۆز ـ ئىبارىلەرنى تاللىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز: ﴿قَالَ فَبِعِزَّتِكَ لَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ﴾ ﴿ئىبلىس: «ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن» دېدى﴾[3].

ئىبلىس شەيتان اللهنىڭ ئىززىتى بىلەن قەسەم قىلدى، باشقا بىر نېمە بىلەن قەسەم قىلمىدى. ئۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىلمى ۋە ئەقلىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى

---

[1] سۈرە بەقەرە، 197 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 24 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ساد، 82 ـ ئايەت.

مۇشۇ ئىلاھىي ئىززەت، اللّٰه تائالانىڭ مەخلۇقاتىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ، خالىغان اللّٰهقا ئىشىنىدۇ، خالىغان ئىنكار قىلىدۇ، ئەمما اللّٰهقا ھېچقانداق زىيان يەتمەيدۇ، ئۇ مەخلۇقاتىدىن ئىززەتلىكتۇر ۋە كائىناتىدىن بىھاجەتتۇر.

اللّٰه تائالا ھەدىسى قۇددۇسىدا مۇنداق دەيدۇ : «دوزاخقا كىرگەنلەر بىلەنمۇ كارىم يوق، جەننەتكە كىرگەنلەر بىلەنمۇ كارىم يوق».

ئىبلىس مۇشۇ يوچۇقتىنلا ئىشقا كىرىشىدۇ، مۇشۇ تۆشۈكتىنلا ئازدۇرىدۇ ۋە ۋەسۋەسە قىلىدۇ. چۈنكى اللّٰه كاپىرلىقنى تاللىغان كىشىنى ئىمانغا زورلىمايدۇ، شۇڭا ئىبلىس شەيتان: ”سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئازدۇرىمەن“ دېدى. ﴿قَالَ فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ. ثُمَّ لآتِيَنَّهُم مِّن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَن شَمَآئِلِهِمْ﴾ ﴿ئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن»﴾[1].

ئايەتتە تۆت تەرەپ تىلغا ئېلىندى، ئەمما يۇقىرى بىلەن پەس تەرەپ تىلغا ئېلىنمىدى. چۈنكى يۇقىرىدا

---

[1] سۈرە ئەئراف، 16 ـ ۋە 17 ـ ئايەتلەر.

ﷲ، پەستە بەندىچىلىكنىڭ كەمتەرلىكى بار. كىمكى ئەڭ ئۈستۈن بولغان پەرۋەردىگارىغا بەندىچىلىكتىكى تۆۋەن ماقامنى ئىگىلىسە، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدۇ.

ئىبلىس شەيتان كېيىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن توغرا يول ئۈستىدە، خەيرلىك ئىش ئۈستىدە ۋە نامازگاھتا ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى ناماز ئوقۇمايدىغان، ھاراقكەش ۋە ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغانلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن شەيتاننىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئازدۇرۇشقا كېپىل بولۇپ بولغان بولۇپ، ئۇلار ناچار ئىنسانلار. شەيتان شۇنداق ئەقىللىق ئوغرىدۇركى، ئۇ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ، ئاللىبۇرۇن بۇزۇلۇپ بولغان ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرمەيدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ نەپىس مىساللىرىدىن بىرى مەغپىرەتنىڭ ئازابتىن، رەھمەتنىڭ غەزەپتىن ئىلگىرى كېلىشىدۇر. فاتىھە سۈرىسىدە: ﴿ملك يوم الدين﴾دىن بۇرۇن ﴿الرحمن الرحيم﴾ كەلدى. ﷲ تائالا ئىككى يەردىن باشقا ھەممە يەردە، ھەر زامان، خالىغان كىشىگە رەھىم قىلىدىغانلىقىنى ۋە خالىغان كىشىنى ئازابلايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئالدى بىلەن مەغپىرەتنى، ئاندىن ئازابنى زىكىر قىلىدۇ.

دەسلەپتە ئازابنى، كېيىن مەغپىرەتنى زىكىر قىلغان ئۇ ئىككى ئايەتتىن بىرىنچىسى قول كېسىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەزمۇنى مۇنداق: ﴿يُعَذِّبُ مَن

يَشَاء وَيَغْفِرُ لِمَن يَشَاء﴾ ﴿اللّٰه خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[①].

چۈنكى قول كېسىش دۇنيالىق جازا، شۇڭا ئاخىرەتلىك مەغپىرەت كېيىن زىكىر قىلىنىشى كېرەك.

ئىككىنچىسى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنى اللّٰه تائالاغا دۇنيادا اللّٰهقا چوقۇنماي ئۆزىگە چوقۇنىۋالغان مۇشرىكلار ھەققىدە قىلىدىغان سۆزلىرىنى زىكىر قىلىپ كەلگەن مۇنۇ ئايەتتە: ﴿إِن تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ وَإِن تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾ ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن﴾[②].

ئىيسا ئەلەيھىسسالام اللّٰهقا بولغان ھۆرمىتى يۈزىسىدىن دەسلەپتە: ”سەن مەغپىرەت قىلغۇچى، رەھىم قىلغۇچى“ دېمەيدۇ، مەغپىرەتتىن بۇرۇن ئازابنى زىكىر قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ گۇناھى بەكمۇ چوڭ ئىدى.

---

[①] سۈرە مائىدە، 40 ـ ئايەت.

[②] سۈرە مائىدە، 118 ـ ئايەت.

بۇ ئۇسلۇبنى قۇرئان كەرىمنىڭ زامان ھەققىدىكى ئايەتلىرىدىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. اﷲ تائالا كېلەچەكتىكى ئىشلارنى ئۆتكەن زامان ئىبارىسى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ: ﴿وَنُفِخَ فِي الصُّورِ﴾ ﴿سۇر چېلىنىدۇ﴾[1]؛ ﴿وَانشَقَّتِ السَّمَاء فَهِيَ يَوْمَئِذٍ وَاهِيَةٌ﴾ ﴿ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان (قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ﴾[2]؛ ﴿وَبُرِّزَتِ الْجَحِيمُ لِلْغَاوِينَ﴾ ﴿دوزاخ گۇمراھلارغا ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ﴾[3]؛ ﴿وَعُرِضُوا عَلَى رَبِّكَ صَفًّا﴾ ﴿ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ ـ سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىڭغا توغرىلىنىدۇ﴾[4].

اﷲ تائالا بۇ ئايەتلەردە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئۆتكەن زامان پېئىلىنى قوللانغان. ئەمما ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتكەن زامان پېئىلى بىلەن تەرجىمە قىلىنسا، چۈشىنىشلىك بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، كېلىدىغان زامان پېئىلى بىلەن تەرجىمە قىلىندى.

بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، ھادىسىلەر مەيلى ئۆتمۈشتە ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، ھەممىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئەمەلىيەتتە اﷲنىڭ ئىلمىدە بولارنىڭ ھەممىسى بولۇپ بولدى. اﷲ تائالا زامان ۋە ماكاننىڭ ئۈستۈن بولغاچقا،

---

① سۈرە كەھف، 99 ـ ئايەت.

② سۈرە ھاققە، 16 ـ ئايەت.

③ سۈرە شۇئەرا، 91 ـ ئايەت.

④ سۈرە كەھف، 48 ـ ئايەت.

بىز قۇرئان كەرىمدە بىر ئىبارە بىلەن ئىككى زاماننىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ۋە ئۇ ئىككى زاماننىڭ سىرتتىن بىر ـ بىرىگە زىت كۆرۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز: ﴿أَتَى أَمْرُ اللّهِ فَلاَ تَسْتَعْجِلُوهُ﴾ ﴿اللهنىڭ پەرمانى (يەنى قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار﴾[1].

الله تائالا بۇ ئايەتتە: ''اللهنىڭ پەرمانى كەلدى'' دېگەن ئۆتمۈش زامان ئىبارىسىنى كەلتۈرۈپ، گويا الله تائالانىڭ پەرمانىنىڭ كېلىپ بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەمما ئەينى جۈملىدە الله تائالا ئىنسانلارغا: ''ئۇ پەرماننىڭ كېلىشىگە ئالدىراپ كەتمەڭلار'' دەيدۇكى، بۇ سىرتتىن قارىماققا ئىنسانغا زىت سۆزدەك كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ ھېكمىتى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، اللهنىڭ پەرمانى، يەنى قىيامەت اللهنىڭ ئىلمىدە ئەزەلدىن بولۇپ بولغان ئىش بولسىمۇ، ئىنسانىيەت ئالەمىدە تېخى ھاسىل بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئارىدىكى زىت كۆرۈنۈش يوق بولدى. قىيامەت اللهنىڭ ئىلمىدە يۈز بېرىپ بولغان بىر ئىش، ئەمما ئىنسانىيەت ئالەمىدە كېلىچەكتە بولماقچى. الله بۇ پەرقنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ شەكىلدە ئىپادىلىدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرپلىرى، سۆزلىرى، ئايەتلىرى ۋە سۈرىلىرىنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار. ئەگەر سىز قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرپلىرىدىن بىرنى ئۆز ئورنىدىن

---

[1] سۈرە نەھل، 1 ـ ئايەت.

يۆتكىسىڭىز ياكى بىرەر ھەرپىنى يوق قىلىۋەتسىڭىز، بۇ ھەرپ ئۆزگەرتىلگەن ياكى يوق قىلىنغان ئايەتنىڭ ئەسلى شەكلى قالمايدۇ، مەنىسى ئۆزگىرىدۇ، ئايەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلىنىش سىستېمىسى بۇزۇلىدۇ. ناۋادا قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۈزگەن كىتاب بولسا ئىدى، بۇنچىۋالا ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ بىر سۈرىسىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ھەر بىر ھەرپىنىڭ ئورنى، ئوقۇلۇش سانى، ھەرپلەر بىلەن باغلىنىش سىستېمىسى، ئاھاڭ ـ تونى، مەنە ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىشلار بىلەن ئويلىنىشى لازىم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازىرقىغا ئوخشاش كومپيۇتېر ئىشلەتمىگەن، كومپيۇتېرمۇ ئىجاد قىلىنمىغان ئىدى. كومپيۇتېر بولغان تەقدىردىمۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش كىتابنى تۈزۈپ چىقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بولغان بولسىمۇ بۇنداق ئىشنى قىلالماس ئىدى. ھازىرقى كومپيۇتېر ماھىرلىرى قۇرئان تۈزۈپ چىقىش ئۈياقتا تۇرسۇن، الله تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىنىڭ ھەرپلىرىنى ساناش ۋە تەكرارلىنىش ئۇسۇلىنى بىلىش ئۈچۈن خېلى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلغان بولسىمۇ، تېخىچە ئاخىرىغا يېتەلمىدى. ئەگەر قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۈزگەن كىتاب بولسا ئىدى، بىر ئايەتنى تۈزۈش ئۈچۈن بىر قانچە ئاي سەرپ قىلىشى لازىم ئىدى.

سىز يەنە قۇرئان ئايەتلىرىنى مۇزىكا نوتىسىغا سېلىپ، يېزىقچىلىق قائىدىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىزمۇ، ئۇنىڭ ئىنسان تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان كىتاب ئەمەسلىكىنى شەكسىز چۈشىنىپ يېتىسىز.

# قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆيدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس

تونۇشۇمغا مۇنداق دېدىم:

بۈگــۈن تىلغــا ئېلىنىــۋاتقــان قۇرئــان كەرىمــدىكى ئىلمىــي كۆرۈنۈشــلەر ســىزنىڭ ئىلمىــي ئەقلىڭىــزگە ئىلگىرىكــى ســۆھبەتلىرىمىزدىنمۇ بەكــرەك تەســىر قىلىشى مۇمكىن. قۇرئان كەرىم بۈنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى نازىل بولدى. قۇرئـان نازىل بولغاندا، هازىرقى ئىلمــى نۇجــۇم، ئــاتوم ئىلمــى، بىئولــوگىيە ئىلمــى ۋە ئاناتومىيە ئىلمى تېخى بىلىنمىگەن ئىدى. لېكىن قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى 14 ئەسىر بۇرۇن ئاسمان قاتلاملىرى، زېمىن قاتلاملىرى، بۇلۇتلارنىڭ هەرىكىتى، قورساقتىكى بالىنىڭ قانداق تۆرىلىشى ۋە ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى باسقۇچلار هەققىدە مەلۇمات بەرگەن. قۇرئـان كەرىمنىــڭ ئايەتلىرى بەرگەن بۇ مەلۇماتلارنى زامانىمىزدىكى يېڭى ئىلمــي كەشــپىياتلار بىــر - بىرلەپ تەستىقلىماقتا.

قۇرئـــان كەرىـــم بـــۇ تېمىلارنـــى مەخســـۇس كىتابلاردىكىدەك تەپسىلى بايان قىلمىدى. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئالدى بىلەن ئەقىدە، شەرىئەت ۋە قانۇن كىتابى بولۇپ، ئىلمىي تەتقىقات كىتابى ئەمەس. ئەگەر

قۇرئان كەرىم بۇ ئىلىملەرنى كەڭ ۋە تەپسىلىي بايان قىلغان بولسا ئىدى، ئۇ زامانىنىڭ ئىنسانلىرى چۈشىنىكسىز بىر نىمىگە دۇچ كەلگەن بولاتتى.

بىر قانچە يۈز يىللاردىن كېيىن كەلگۈسىنىڭ ئىلىملىرىنى كەشىپ قىلسۇن ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتەن الله تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئىسپاتلىغۇچى مۆجىزە بولسۇن ئۈچۈن، ئۇ ئىلىملەرنى تەپسىلى بايان قىلماستىن، بەلكى يىراقتىن ئىشارەت قىلىپلا ئۆتتى. ﴿سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾ ﴿ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئانىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان ـ زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ﴾[1].

چۈنكى ئۇلارغا الله تائالانىڭ قۇرئان كەرىمگە گۇۋاھلىق بەرگىنى كۇپايە قىلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئىسپاتلىغۇچى ۋە كۆرسەتكۈچى دەلىللەرنى كۆرسىتىشىمىز لازىم بولدى.

الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئەنە شۇنداق بايان قىلدى، قۇرئان كەرىم كۆپ ئۆتكەنسېرى ئۇ ئايەتلىرىنى

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 53 ـ ئايەت.

بىرگە كۆرسىتىۋاتىدۇ. اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُكَوِّرُ اللَّيْلَ عَلَى النَّهَارِ وَيُكَوِّرُ النَّهَارَ عَلَى اللَّيْلِ﴾ ﴿اللە كېچىنى كۈندۈزگە (يۇمىلاپ) كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە (يۇمىلاپ) كىرگۈزىدۇ﴾[1].

اللە تائالا بۇ ئايەتتە زېمىننىڭ يۇمىلاق توپ شەكلىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كېچىنىڭ كۈندۈزگە، كۈندۈزنىڭ كېچىگە يۇمىلاپ كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

اللە تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿وَالْأَرْضَ بَعْدَ ذَلِكَ دَحَاهَا﴾ ﴿شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى﴾[2].

﴿دَحَا﴾ كەلىمىسى ئەرەب تىلىدا بىرلا ۋاقىتتا "يېيىلغان ۋە يۇمىلاقلىغان" دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. زېمىن بىزگە تۈزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يۇمىلاق بولۇپ، اللە تائالا يەنە بۇ ئايەتتە زېمىننىڭ تۈز ھەم يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

باشقا بىر ئايەتتە تاغنىڭ ئۆز دائىرىسىدە بۇلۇتقا ئوخشاش ئاقىدىغانلىقىنى ئوقۇيمىز. "تاغ ئاقىدۇ" دېگەن ئىبارىدىن زېمىننىڭمۇ مەلۇم بىر تەرەپكە ئاقىدىغانلىقى بىلىنىدۇ، چۈنكى زېمىن بىلەن تاغ بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن جىسىملاردۇر. ﴿وَتَرَى الْجِبَالَ تَحْسَبُهَا جَامِدَةً وَهِيَ تَمُرُّ مَرَّ السَّحَابِ صُنْعَ اللَّهِ الَّذِي أَتْقَنَ كُلَّ شَيْءٍ﴾

---

[1] سۈرە زۇمەر، 5 ـ ئايەت.

[2] سۈرە دۇھا، 30 ـ ئايەت.

﴿تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ، (بۇ) ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان اللهنىڭ ھۈنىرىدۇر﴾[1].

قاپقارا، قاتتىق تۇرغان تاشلار جىم تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇلۇتلارغا ئوخشاش ئاقىدۇ. يەنە الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىدە تاغنى بۇلۇتقا ئوخشىتىشىدىن، يامغۇر ماددىسىنىڭ سۇدىن ئۆرلىگەن تامچىلار بولغىنىدەك، تاغ ماددىسىنىڭمۇ كىچىك ئاتوملار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

الله تائالا بىر ئايەتتە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئارىسىدا توختاۋسىز قوغلىشىش بولىدىغانلىقى ۋە ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: ﴿لَا الشَّمْسُ يَنبَغِي لَهَا أَن تُدْرِكَ الْقَمَرَ وَلَا اللَّيْلُ سَابِقُ النَّهَارِ﴾ ﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس﴾[2].

بۇ ئايەتمۇ زېمىننىڭ يۇمىلاق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، چۈنكى كېچە بىلەن كۈندۈز بىرلا ۋاقىتتا يارىتىلغان بولۇپ، ئىككىسى بىر توپنىڭ ئوتتۇرىدىن ئايرىلغان ئىككى تەرىپىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر زېمىن تۈپتۈز بولغان بولسا، كېچە

---

[1] سۈرە نەمل، 88 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ياسىن، 40 ـ ئايەت.

بىلەن كۈندۈز چوقۇم بىر ـ بىرىگە يېتىشىۋالغان بولاتتى.

ﷲ تائالا باشقا بىر ئايەتتە قىيامەت كۈنى زېمىننىڭ دەسلەپكىگە ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا ھەم كېچە ھەم كۈندۈز ھالىتىگە كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: ﴿حَتَّىَ إِذَا أَخَذَتِ الأَرْضُ زُخْرُفَهَا وَازَّيَّنَتْ وَظَنَّ أَهْلُهَا أَنَّهُمْ قَادِرُونَ عَلَيْهَا أَتَاهَا أَمْرُنَا لَيْلاً أَوْ نَهَارًا فَجَعَلْنَاهَا حَصِيدًا كَأَن لَّمْ تَغْنَ بِالأَمْسِ﴾ ﴿ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزم قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى ـ دە، (زىرائەتلەرنى) تۈنۈگۈن (يەنى ئىلگىرى) يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق (يەنى نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق)﴾[1].

ﷲ تائالانىڭ: ”كېچىدە ياكى كۈندۈزدە“ دېگىنى، قىيامەت بولغاندا زېمىننىڭ يېرىمى كۈنگە قارايدىغانلىقى، يەنە بىر تەرىپىنىڭ كۈندىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. مانا بۇ، زېمىننىڭ يۇملاق توپ شەكلىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چۈنكى زېمىن تۈز بولسا ئىدى، ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت بىرلا تەرىپى بولاتتى ۋە ﷲ تائالانىڭ: ﴿وَلَا اللَّيْلُ سَابِقُ النَّهَارِ﴾ ﴿كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس﴾ دېگەن سۆزى خاتا بولغان بولاتتى.

---

[1] سۈرە يۇنۇس، 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قۇرئــــان كـەرىمـــــدە يەنە: ‹‹اللّٰه تائــــالا مـەشــــرىق ۋە مـەغرىبـلـەرنىـڭ پەرۋەردىگـارى›› دەپ سۈپەتلـەنگەن بولـۇپ، قۇياش چىقىدىغان ۋە ئولتۇرىدىغان جايلارنىڭ بىر قانچە ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ: ﴿رَبِّ الْمَشَارِقِ وَالْمَغَارِبِ﴾ ﴿مـەشرىقلـەرنىڭ ۋە مـەغرىبلـەرنىڭ پەرۋەردىگارى﴾[1]؛ ﴿رَبُّ الْمَشْرِقَيْنِ وَرَبُّ الْمَغْرِبَيْنِ﴾ ﴿ئىككى مەشرىق (يەنى كۈن بىلەن ئاينىڭ چىقىدىغان ئىككى جايى)نىڭ پەرۋەردىگارىدۇر ۋە ئىككى مەغرىب (يەنى كۈن بىلەن ئاينىڭ پاتىدىغان ئىككى جاي)نىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾[2].

ئەگەر زېمىن تۈز بولسا ئىدى، ئۇنىڭ پەقەت بىرلا مەشرىقى ۋە بىرلا مەغرىبى بولغان بولاتتى. ئىنسان قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ شەيتىنىغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا لَيْتَ بَيْنِي وَبَيْنَكَ بُعْدَ الْمَشْرِقَيْنِ﴾ ﴿كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسىدەك ئارىلىق بولسا ئىكەن﴾[3].

زېمىن توپ شەكلىدە بولمىسا، ئىككى مەشرىق ئارىسى ئۇنچىۋالا يىراق بولمايدۇ.

اللّٰه تائالا ئاسماندا ئۆزۈن - ئۆزۈن يوللار ۋە مۇساپىلەرنىڭ بارلىقىنى بايان قىلدى: ﴿وَالسَّمَاء ذَاتِ الْحُبُكِ﴾ ﴿ئۆزۈن - ئۆزۈن يوللىرى ۋە مۇساپىلىرى بار

[1] سۈرە مەئارىج، 40 ـ ئايەت.

[2] سۈرە رەھمان، 17 ـ ئايەت.

[3] سۈرە زۇخرۇف، 38 ـ ئايەت.

ئاسمان بىلەن قەسەمكى﴿①؛ ﴿وَالسَّمَاء ذَاتِ الرَّجْعِ﴾ ﴿قايتارما يامغۇر ياغدۇرىدىغان ئاسمان بىلەن قەسەمكى﴾②.

يەنى ئاسمان يەردىن ئۆرلىگەن نەرسىلەرنى يەنىلا زېمىنغا قايتۇرىدۇ. سۇدىن ئۆرلىگەن شەبنەم يامغۇر بولۇپ قايتىدۇ. زېمىننىڭ تارتىش كۈچى بىلەن ئاسمان جىسىملىرى زېمىنغا قايتىدۇ. سىمسىز دولقۇنلار ئىئونوسفىرا تەبىقىسىنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇشى بىلەن زېمىنغا قايتىدۇ.

ئاسمان زېمىندىن ئۆرلىگەن جىسىملارنى زېمىنغا قايتۇرغىنىدەك، ئەكسىچە زىيان سالىدىغان جىسىملار زېمىنغا چۈشكەندە، ئاسمان ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىدۇ. خۇددى ئۆگزە ئۆينىڭ ئىچىنى قوغدىغاندەك، ئاسمانمۇ زېمىنغا ئۆگزە بولۇپ، ئۇنى قوغدايدۇ: ﴿وَجَعَلْنَا السَّمَاء سَقْفًا مَّحْفُوظًا﴾ ﴿بىز ئاسماننى بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق﴾③؛ ﴿وَالسَّمَاء بَنَيْنَاهَا بِأَيْدٍ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ﴾ ﴿بىز ئاسماننى ئۆز قوللىرىمىز بىلەن بىنا قىلدۇق، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە كېڭەيتىمىز﴾④.

ئۇ زامانلاردا ”زەررە ئەڭ كىچىك ماددا“ دەپ قارىلاتتى، ”زەررىنىڭ پارچىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس“ دەپ ئېتىقاد قىلىناتتى. قۇرئان كەرىم نازىل بولۇپ، بۇ كۆز

① سۈرە زارىيات، 7 ـ ئايەت.
② سۈرە تارىق، 11 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەنبىيا، 32 ـ ئايەت.
④ سۈرە زارىيات، 47 ـ ئايەت.

قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، زەررىدىنمۇ كىچىك ماددىلارنىڭ بارلىقىنى ۋە زەررىنىڭمۇ پارچىلارغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇڭا قۇرئان كەرىم زەررىدىنمۇ كىچىك ماددىلارنىڭ بارلىقىنى ئېلان قىلغان تۇنجى كىتاب ھېسابلىنىدۇ: ﴿**لَا يَعْزُبُ عَنْهُ مِثْقَالُ ذَرَّةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ وَلَا أَصْغَرُ مِن ذَلِكَ وَلَا أَكْبَرُ**﴾ ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە اللهتىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ (يەنى زەررە)دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوق﴾[1].

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايەتلىرى كەلگۈسىدە ئاشكارا بولىدىغان ھەقىقەتلەرگە بولغان ئوچۇق ئىشارەتلەردۇر. قۇرئان كەرىم نازىل بولغاندا، مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ھەقىقەتلەر ھېچبىر ئاقىل ۋە ياكى مەجنۇننىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئىلىملەر ئىدى.

قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ بىر مەنىيدىن يارىتىلىدىغانلىقىنى ۋە مەنىينىڭ ئىنساننىڭ جىنسىيىتىنى قانداق بەلگىلەيدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿**وَأَنَّهُ خَلَقَ الزَّوْجَيْنِ الذَّكَرَ وَالْأُنثَى. مِن نُّطْفَةٍ إِذَا تُمْنَى**﴾ ﴿الله بىر جۈپنى ـ ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى. ئېتىلىپ چىققان مەنىيدىن (ياراتتى)﴾[2].

---

[1] سۈرە سەبە، 3 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نەجم، 44 ـ ۋە 45 ـ ئايەتلەر.

مانا بۇ، تېخى يېقىنقى زاماندا بايقالغان بىئولوگىيىلىك ھەقىقەتتۇر. بىز ھازىر: ”ئىنساندىكى ئابىي مەنىنىڭ ئۆزى توغۇلىدىغان پەرزەنتنىڭ جىنسىيىتىنى بەلگىلەش ئامىللىرىغا ئىگە“ دەيمىز. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغانلارغا قارشى نازىل بولغان ئايەتتە ﷲ تائالانىڭ ئىنساننىڭ قامەت شەكلىنى ۋە سۆڭەكلىرىدىكى ئىزلارنى سىزىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن: ﴿أَيَحْسَبُ الْإِنسَانُ أَلَّن نَجْمَعَ عِظَامَهُ. بَلَى قَادِرِينَ عَلَى أَن نُّسَوِّيَ بَنَانَهُ﴾ ﴿ئىنسان (يەنى كاپىر) بىزنى ئۆزىنىڭ (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك بولغان) بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز﴾[1].

بۇ ئايەتتە ئىنساننىڭ تەن قۇرۇلۇشىدىكى مۆجىزىلەرگە ئالاھىدە ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ﷲ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولغاچقا، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىنسان يەنە بىر ئىنسانغا ھەرگىزمۇ تۈپتىن ئوخشاپ قالمايدۇ.

قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان ئۆيلەردىن ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ﷲ تائالا: ”ئۆمۈچۈكنىڭ يىپلىرى“ دېمىدى، چۈنكى ئۆمۈچۈكنىڭ يىپلىرى باشقا يىپلارغا نىسبەتەن تۆت ھەسسە پۇختا. ئۆينىڭ

---

[1] سۈرە قىيامەت، 3 ـ ۋە 4 ـ ئايەتلەر.

ئاجىزلىقى يېپتا ئەمەس، بەلكى ئۆينىڭ ئۆزىدە. چۈنكى ئۇ ئۆي يات زىيارەتچىلەر ئۈچۈن قۇرۇلغان قىسماق بولۇپ، پاناھلانغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرىدۇ. ئۇ ھەتتا ئۆز ئەھلىمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان بىر جاي. ئەركەك ئۆمۈچۈك ئەركەكلىك مەنىيسىنى تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن، چىشى ئۆمۈچۈك ئەركىكىنى ئۆلتۈرىدۇ، بالىلىرىنى قەپەستىن چىققاندا يەيدۇ، ئانىسى يېيىلمەي ساق قالغانلىرى ئاخىرىدا بىر - بىرىنى يەيدۇ.

ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئاقىۋىتى ئەڭ يامان بولغانلارغا كۆرسىتىلگەن مىسال بولۇپ، اللّٰه تائالانى قويۇپ، باشقىلاردىن پاناھلىق تىلىگەنلەرنىڭ ھالى ئەنە شۇ ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىنى پاناھ تارتقۇچىلارنىڭ ھالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئايەتنىڭ ئىنىق مۆجىزىسىدۇر: ﴿مَثَلُ الَّذِينَ اتَّخَذُوا مِن دُونِ اللَّهِ أَوْلِيَاء كَمَثَلِ الْعَنكَبُوتِ اتَّخَذَتْ بَيْتًا وَإِنَّ أَوْهَنَ الْبُيُوتِ لَبَيْتُ الْعَنكَبُوتِ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾ (اللّٰهنى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق - سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر

ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى)﴾[1].

اللہ تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىنى: ﴿لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى)﴾ دېگەن سۆز بىلەن تۈگەتتى. مانا بۇ ئاخىرقى زامانلاردا ئاشكارا بولىدىغان بىر ئىلمىگە ئىشارەت. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىئولوگىيە ئىلمى تېخى يېقىندىلا كەشپ قىلىندى.

شۇنىڭدەك، اللہ تائالا كەھف سۈرىسىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَبِثُوا فِي كَهْفِهِمْ ثَلَاثَ مِئَةٍ سِنِينَ وَازْدَادُوا تِسْعًا﴾ ﴿ئۇلار ئۆز غارىدا 309 يىل تۇردى﴾[2].

بىز ھازىر شەمسىيە كالىندارىدىن 300 يىلنى قەمەرىيە كالىندارىغا تەڭلەشتۇرۇپ كۆرسەك، كۈنى، سائىتى ۋە سېكۇنتى بىلەن ساپمۇ ساق 309 يىلغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۇق.

اللہ تائالا مەريەم سۈرىسىدە ھەزرىتى مەريەمنى تولغاق تۇتقاندا قانداق قىلىپ خورما دەرىخىگە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بارغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى بىر ئاۋاز چاقىرىپ: ”دەرەخنى ئىرغىت ۋە دەرەختىن چۈشكەن خورمىنى يېگىن“ دەپ خىتاب قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَجَاءَهَا الْمَخَاضُ إِلَى جِذْعِ النَّخْلَةِ قَالَتْ يَا لَيْتَنِي مِتُّ قَبْلَ هَذَا وَكُنتُ نَسْيًا مَّنسِيًّا. فَنَادَاهَا مِن تَحْتِهَا أَلَّا تَحْزَنِي

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 41 ـ ئايەت.

[2] سۈرە كەھف، 25 ـ ئايەت.

قَدْ جَعَلَ رَبُّكِ تَحْتَكِ سَرِيًّا. وَهُزِّي إِلَيْكِ بِجِذْعِ النَّخْلَةِ تُسَاقِطْ عَلَيْكِ رُطَبًا جَنِيًّا. فَكُلِي وَاشْرَبِي وَقَرِّي عَيْنًا﴾ ﴿تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشكە مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ! جىبرىئىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلدى: غەم قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى. خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ. (بۇ شېرىن خورمىدىن) يېگىن، (بۇ تاتلىق سۇدىن) ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن﴾[1].

نېمە ئۈچۈن تولۇپ پىشقان خورما؟

تولۇپ پىشقان خورما ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ يېڭى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى مۇنداق: ئۇنىڭدا باليىاتقۇنى سىقىپ، بالىنىڭ تېز تۇغۇلىشىغا ياردەمچى بولىدىغان، بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قان توختىماسلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، يەنە ئۇنىڭدا بالا رەھمىدىن ئايرىلىپ يولىغا ماڭغاندا، ئۇنىڭ يولىنى تازىلاپ بالىنىڭ قىينالماستىن تېزلا ئېتىلىپ تاشقىرىغا يول ئېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ھازىرقى ئوكسىتوكسىنغا ئوخشاش بىر خىل ماددا بار.

---

[1] سۈرە مەريەم، 23 ــ دىن 26 ـ ئايەتكىچە.

مانا بۇلار قۇرئان كەرىم مەجازىي ۋە ھەرپىي تەرەپلىرىدىن تەستىقلىغان ئىلىملەرنىڭ مەسىلىلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا ئۇنى مۇنداق سۈپەتلىدى: ﴿لَا يَأْتِيهِ الْبَاطِلُ مِن بَيْنِ يَدَيْهِ وَلَا مِنْ خَلْفِهِ﴾ ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل كەلمەيدۇ﴾[1]؛ ﴿لَوْ كَانَ مِنْ عِندِ غَيْرِ اللّهِ لَوَجَدُواْ فِيهِ اخْتِلاَفًا كَثِيراً﴾ ﴿ئەگەر قۇرئان اللهتىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى﴾[2].

يەنى قۇرئان ئايەتلىرى بىر-بىرىگە زىت بولسا ياكى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى كەلگۈسىدە ئىلىملەر كەشىپ قىلىدىغان ھەقىقەتلەرگە نامۇناسىپ بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، بۇ الله تائالانىڭ كىتابى بولمايتتى. بۇ ئىككى زىتلىقنى بىز ھەر ۋاقىت يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىدا كۆرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ كىتابلىرىدىن بىرەرسى قايتا بېسىلسا، ئۇنىڭغا بەزى يېڭىلىقلارنى قېتىشقا قىزىقىدۇ. رىۋايەتلەر ۋە داستانلار بىر - بىرىنى يالغانغا چىقىرىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ قانچە دىققەت بىلەن يازسىمۇ يەنىلا خاتالاشقانلىقىنى ۋە يازغانلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. لېكىن

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 42 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 82 ـ ئايەت.

بۇ ئەيىب ـ نۇقسانلارنى قۇرئان كەرىمدە كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس.

قۇرئان كەرىم ئىنسان قولىدىن كەلمەيدىغان بىر مۆجىزىدۇر. چۈنكى ئۇ تارىخى يېزىلمىغان ئۆتمۈشتىن خەۋەر بېرىدۇ، كەلمىگەن كەلگۈسىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىم كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان نەچچىلىگەن ھادىسىلەر راستىنلا مەيدانغا كەلدى.

اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە رۇملۇقلارنىڭ دەسلەپتە پارسلارغا مەغلۇپ بولۇپ، كېيىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿غُلِبَتِ الرُّومُ  فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُم مِّن بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُون  فِي بِضْعِ سِنِينَ﴾ ﴿رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ﴾[①].

ئەرەبچىدىكى ”بىر قانچە يىل“ دېگەن سۆز ئۈچ يىل بىلەن توققۇز يىل ئارىسىنى كۆرسىتىدۇ، رۇملار يەتتە يىلدىن كېيىن غەلىبە قىلغان.

بەدرى ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿سَيُهْزَمُ الْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ الدُّبُرَ﴾ ﴿(مۇشرىكلار) قوشۇنى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾[②].

---

[①] سۈرە رۇم، 2 ـ دىن 4 ـ ئايەتكىچە.

[②] سۈرە قەمەر، 45 ـ ئايەت.

پەيغەمــــبەر ئەلەيھىســـــالام چۈشـــــدە مەككىـــــگە كىرگەنلىكىنـــى كـــۆرگەن ئىـــدى. پەيغەمبەرلەرنىـــڭ چۈشى ئەمەلىيەتتە بولماي قالمايدۇ. اﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىســـــالامنىڭ مۇســـۇلمانلار بىـــلەن مەككىـــگە كىرىدىغانلىقىــدىن خەۋەر بېرىــپ مۇنــداق دېــدى: ﴿لَقَدْ صَدَقَ اللَّهُ رَسُولَهُ الرُّؤْيَا بِالْحَقِّ لَتَدْخُلُنَّ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ إِن شَاء اللَّهُ آمِنِينَ مُحَلِّقِينَ رُؤُوسَكُمْ وَمُقَصِّرِينَ﴾ ﴿اﷲ پەيغەمبىرىگە، ھەق رەۋىشــتە، ھەقىقىي راست چۈش كۆرسەتتى. (ئى مـۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خـۇدا خالىســا (دۈشــمەندىن) ئەمىــن بولغــان، (بەزىلىــرىڭلار) باشــلىرىڭلارنى چۈشــۈرگەن ۋە (بەزىلىــرىڭلار) قىرقىغــان ھالــدا، چوقــۇم مەســجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر﴾[1].

ھەقىـــقەتەن اﷲ تائـــالا پەيغەمبىرىنىـــڭ چۈشـــىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەردى ۋە مەككە پەتھى قىلىندى.

قۇرئان كەرىمدە كەلگۈسى ھەققىدىكى بايانلار بەكمـۇ كـۆپ. ئىبــراھىم ئەلەيھىســـالام پەرۋەردىگارىغــا دۇئــا قىلىــپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿رَّبَّنَا إِنِّي أَسْكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ عِندَ بَيْتِكَ الْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُواْ الصَّلاَةَ فَاجْعَلْ أَفْئِدَةً مِّنَ النَّاسِ تَهْوِي إِلَيْهِمْ وَارْزُقْهُــم مِّــنَ الثَّمَــرَاتِ لَعَلَّهُــمْ يَشْــكُرُونَ﴾ ﴿پەرۋەردىگــــــارىمىز! ئەۋلادىمنىـــڭ بىـــر قىســـمىنى (يەنـــى بـــالام ئىســـمائىل بىــلەن ئايــالىم ھــاجەرنى) نامــاز ئوقۇســۇن (يەنــى ســاڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىــڭ ھۆرمەتلىــك ئۆيۈڭنىــڭ قېشــىدىكى ئېكىنســىز بىــر ۋادىغــا (يەنــى مەككىــگە)

---

[1] سۈرە فەتىھ 27 ـ ئايەت.

ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن﴾[1].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام الله تائالادىن بۇ يېڭى ۋادىغا رىزىق ئاتا قىلىشىنى تىلىدى، الله تائالانىڭ بۇ ۋادىنى باياشات قىلىش ۋەدىسى مۇشرىكلارنىڭ كەئبىنى زىيارەت قىلىشىنى چەكلىشى بىلەن ئەمەلىيلەشتى. لېكىن مۇئمىنلەر تىجارەتلىرىنىڭ كاسات بولۇپ قېلىشىدىن قورقتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ھاياتى كەئبىنى زىيارەت قىلغۇچىلاردىن كەلگەن غەللىگە قاراشلىق ئىدى. الله تائالا ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن مۇنداق دېدى: ﴿وَإِنْ خِفْتُمْ عَيْلَةً فَسَوْفَ يُغْنِيكُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ إِن شَاء إِنَّ اللّهَ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾ ﴿ئەگەر سىلەر (ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، الله خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ﴾[2].

الله تائالانىڭ بۇ ۋەدىسى ھېلىمۇ ھەم ئەمەلىيلىشىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇ سەھرالاردىن نېفىت ئېتىلىپ چىقىۋاتىدۇ. نېفىتنىڭ باھاسى كۈنسېرى ئۆرلەۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئۇ سەھرالاردا كۆمۈلۈپ ياتقان ئۇران بايلىقمۇ ئۇ ۋادىنىڭ تاكى قىيامەتكىچە

---

[1] سۈرە ئىبراھىم، 37 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 28 ـ ئايەت.

باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

قۇرئان كەرىم ئاخىرىدا بىرگە سىياسەت، ئەخلاق، ھۆكۈمەت، ئۇرۇش، تىنچلىق، ئىقتىساد، جەمئىيەت، توي ۋە مەئىشەت نىزاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. قۇرئان بىرگە ب د ت نىڭ ”كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى“نى ئېلان قىلىشىدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا ئىنسانىيەتنى ھىمايە قىلىش قانۇنىنى ۋاجىب قىلغانىدى.

بەزىلەر ئىبنى ئەرەبىدىن قۇرئان كەرىمنىڭ سىرلىق مۆجىزىسىدىن سورىغاندا، ئۇ بىرلا ئېغىز سۆز بىلەن: ”ئۇنىڭ مۆجىزىسى - مۇتلەق راستچىللىق“ دەپ جاۋاب بەرگەن.

قۇرئان كەرىم ھەر زامان ۋە ھەر جەھەتتىن مۇتلەق راستچىلدۇر. قۇرئان بىر تەرەپنى كۆرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن غاپىل بولمايدۇ. لېكىن يازغۇچىلار بەزى ھەقىقەتلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ھەممىنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىنى راستچىل دەپ قارايدۇ. ئىنساننىڭ كۆز قارىشى ۋە نەزەر دائىرىسى تولۇق ۋە مۇكەممەل بولالمايدۇ، زامانغا بېقىپ ئۆزگىرىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق توغرا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. كۆپىنچە تەرەپلىرى توغرا بولسىمۇ، ھەممە تەرەپتىن ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نىسپىي راستچىللىق بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. ھەممىنى

بىلگۈچى ۋە ھەممىنى كۆرگۈچى مۇتلەق اللهتۇر. قۇرئان كەرىم ھەممە جەھەتتە راستچىل بولغىنى ئۈچۈن اللهنىڭ كىتابىدۇر.

بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قۇرئان كەرىم ھەققىدە سوئال سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئۇنىڭدا سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ خەۋەرلىرى، كۆز ئالدىڭلاردىكى ھەقىقەتلەر ۋە سىلەردىن كېيىنكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى بار. ئۇنىڭ دىگەنلىرى ھەقىقەت، ئۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرگە ئىگە، ئۇ الله تائالانىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسى، ئۇ ھەقىقي توغرا يول، كىمكى يوغانچىلىق قىلىپ ئۇنى تەرك ئەتسە، الله ئۇنى يەرگە ئۇرىدۇ. كىمكى ئۇنىڭدىن باشقا بىر نېمە بىلەن ھىدايەت ئىزدىسە، الله ئۇنى ئازدۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تىللار ئازمايدۇ، ئەقىللەر ئېلىشمايدۇ، ئىلىملەر تۈگىمەيدۇ، ئالىملار ئۇنىڭغا تويمايدۇ، مۆجىزىلىرى ئاخىرلاشمايدۇ».

بىزنىڭ كىتابىمىز مانا بۇ، دوستۇم!

مانا مۇشۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆيدۇرۇلغان بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

# شەكلەر

تونۇشۇم ماڭا مۇنداق دېدى:

سىز: ”قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى بىر ـ بىرىگە زىت كەلمەيدۇ“ دەيسىز، مۇنۇ ئايەتلەرگە نېمە دەيسىز؟ مەسىلەن: ﴿فَمَن شَاء فَلْيُؤْمِن وَمَن شَاء فَلْيَكْفُرْ﴾ ﴿خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن﴾[1] دېگەن ئايەت مۇنۇ ئايەتكە زىت كېلىدۇ: ﴿وَمَا تَشَاؤُونَ إِلَّا أَن يَشَاء اللَّهُ﴾ ﴿پەقەت الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر﴾[2].

قۇرئان گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىدىن سورىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى: ﴿سَتُكْتَبُ شَهَادَتُهُمْ وَيُسْأَلُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى (ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالىغا) يېزىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ﴾[3]؛ ﴿وَإِنَّهُ لَذِكْرٌ لَّكَ وَلِقَوْمِكَ وَسَوْفَ تُسْأَلُونَ﴾ ﴿قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە (ئۇلۇغ) شەرەپتۇر، سىلەر كەلگۈسىدە (بۇ نېمەت ئۈستىدە) سورىلىسىلەر﴾[4]. باشقا بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يُسْأَلُ عَن ذُنُوبِهِمُ الْمُجْرِمُونَ﴾ ﴿گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (الله بۇنى

---

[1] سۈرە كەھف، 29 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئىنسان، 30 ـ ئايەت.

[3] سۈرە زۇخرۇف، 19 ـ ئايەت.

[4] سۈرە زۇخرۇف، 44 ـ ئايەت.

بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر﴾[1]. يەنە باشقا بىر يەردە گۇناھكارلارنىڭ تەققى - تۇرقىدىن تونۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ: ﴿يُعْرَفُ الْمُجْرِمُونَ بِسِيمَاهُمْ فَيُؤْخَذُ بِالنَّوَاصِي وَالْأَقْدَامِ﴾ ﴿گۇناھكارلار ئۆزلىرىنىڭ تەققى - تۇرقىدىن تونۇلىدۇ، ئۇلار كوكۇلىلىرىدىن ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇلۇپ (دوزاخقا تاشلىنىدۇ)﴾[2]. باشقا بىر يەردە گۇناھكارلارنىڭ كىشەنلىرىنى ھېچكىمنىڭ باغلىيالمايدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ: ﴿وَلَا يُوثِقُ وَثَاقَهُ أَحَدٌ﴾ ﴿ئۇ باغلىغاندەك ھېچكىم باغلىيالمايدۇ﴾[3]. يەنى ھەر بىرى ئۆزىنى ئۆزى ئازابلايدۇ. ﴿كَفَى بِنَفْسِكَ الْيَوْمَ عَلَيْكَ حَسِيبًا﴾ ﴿"بۈگۈن ئۆزەڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە" دېيىلىدۇ﴾[4]. باشقا بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ فِي سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا فَاسْلُكُوهُ﴾ ﴿ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار﴾[5].

مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم:

بۇ ئايەتلەر بىر - بىرىگە زىت ئەمەس. بۇ ئايەتلەر ھەققىدە بىرلىكتە پىكىر يۈرگۈزۈپ باقايلى: ﴿فَمَن شَاء فَلْيُؤْمِن وَمَن شَاء فَلْيَكْفُرْ﴾ ﴿خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن،

---

[1] سۈرە قەسەس، 78 - ئايەت.
[2] سۈرە رەھمان، 41 - ئايەت.
[3] سۈرە فەجر، 26 - ئايەت.
[4] سۈرە ئىسرا، 14 - ئايەت.
[5] سۈرە ھاققە، 32 - ئايەت.

خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن﴾. بۇ ئايەت ئىنسانلارنىڭ ھۆررىيىتى ۋە ئىختىيارىنىڭ بارلىقىغا ئوچۇق ئىشارەت. لېكىن بىز بۇ ھۆررىيەت ۋە ئىختىيارنى الله تائالادىن مەجبۇرى تارتىپ ئالمىدۇق، بەلكى ئۇنى الله تائالا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەردى. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنى ئىزاھلاش ئۈچۈن كەلگەن: ﴿وَمَا تَشَاؤُونَ إِلَّا أَن يَشَاء اللَّهُ﴾؛ ﴿پەقەت الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر﴾. يەنى بەندىنىڭ ئىختىيارى اللهنىڭ ئىختىيارى ئىچىدە بولىدۇ، اللهنىڭ ئىختىيارىغا زىت بولمايدۇ. بەندىنىڭ ئىختىيارى اللهنىڭ رىزاسىغا زىت بولۇپ، گۇناھنى ئىختىيار قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ ئىختىيارىنىڭ اللهنىڭ ئىرادىسىگە زىت كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئىختىيار اللهنىڭ رىزاسىغا خىلاپ بولسىمۇ، ھەر زامان اللهنىڭ ئىرادىسى ئىچىدە بولىدۇ. بۇ شۇنداق نازۇك بىر مەسىلەدۇركى، بىز بۇنى ئىختىيار ۋە مەجبۇرىيەت بابىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە: "اللهنىڭ بەندىگە ئاسانلىق بېرىشى اللهنىڭ ئۇنى ئىختىيار قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى الله بەندىگە ئۇنىڭ نىيىتى ۋە قەلبىدىكىنى ئىختىيار قىلىدۇ" دېدۇق. يەنى بەندە ئۆزى ئىختىيار قىلغىنىغا ماڭىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى: "مەجبۇرلاش يوق، ئىككىلىك يوق ۋە زىتلىقمۇ يوق" دېمەك. سىزنىڭ زىتلىشىش دېگىنىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ بۇنىڭ ھېكمىتىنى بىلمىگەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىدۇ.

هېساب بېرىش ھەققىدىكى ئايەتلەرگە كەلسەك، ئۇ ئايەتلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تائىپىلەر ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇ تائىپىلەردىن بىر قىسمى گۇناھلاردىن سورىلىدۇ ۋە گۇۋاھچى تەلەپ قىلىنىدۇ. بەزى بىر قىسمى گۇناھلىرى كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن يۈزىگە مەلۇم بولىدۇكى، ئۇلار يۈز ئىپادىلىرىدىن تونۇلىدۇ، كوكۇلىلىرىدىن ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇلۇپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. بەزىبىر قىسمى گۇناھكارلىقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقتىن، ئۇلارغا قوللىرى ۋە پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ: ﴿الْيَوْمَ نَخْتِمُ عَلَى أَفْوَاهِهِمْ وَتُكَلِّمُنَا أَيْدِيهِمْ وَتَشْهَدُ أَرْجُلُهُمْ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾ ﴿شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)﴾[1].

ئۇلاردىن بىر قىسمى ئۆز ئۆزىدىن ھېساب ئالىدۇ، پۇشايمان قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئۆزى ئازابلايدۇ ۋە كىشەنلىرىنى ئۆزى تاقايدۇ، ئۇنىڭ كىشەنلىرىنى بىركىم تاقاپ ئازابلىمايدۇ، ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئۆزىنى ئازابلايدۇ.

بەزىلىرى اللہ تائالانى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنى يالغانغا چىقارغان چوڭ گۇناھكارلار بولۇپ، اللہ تائالانىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپ قەسەمگە تارتىلىدۇ، دۇنيادا يالغان بىلەن

[1] سۈرە ياسىن، 65 ـ ئايەت.

ياشىغانلىقى ئۈچۈن اللهقىمۇ يالغان ئېيتىدۇ، ئاخىرىدا يالغانچىلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرىدۇ: ﴿يَوْمَ يَبْعَثُهُمُ اللَّهُ جَمِيعًا فَيَحْلِفُونَ لَهُ كَمَا يَحْلِفُونَ لَكُمْ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ عَلَى شَيْءٍ أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ الْكَاذِبُونَ﴾ ﴿ئۇ كۈندە الله ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا: ”بىز مۇسۇلمانمىز“ دەپ يالغاندىن) سىلەرگە قەسەم ئىچكەندەك، اللهقا قەسەم ئىچىدۇ، ئۇلار بۇ قەسەمنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسى بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر﴾[1].

بۇ گۇناھكارلار يۈزلىرىدىن سۆرىلىدۇ، زەنجىرلەرگە باغلىنىدۇ. ئەبۇ ھامىد ئەلغەززالى بۇ زەنجىرلەرنى: ”سەۋەبلەرنىڭ زەنجىرلىرى“ دەپ تەپسىر قىلغان.

قۇرئان كەرىمدىكى ئىلاھىي ئىلىم ھەققىدىكى ئايەتلەرگە نېمە دەيسىز؟ ﴿إِنَّ اللَّهَ عِندَهُ عِلْمُ السَّاعَةِ وَيُنَزِّلُ الْغَيْثَ وَيَعْلَمُ مَا فِي الْأَرْحَامِ وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ مَّاذَا تَكْسِبُ غَدًا وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ﴾ ﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن اللهنىڭ دەرگاھىدىدۇر. الله يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بىجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) الله بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن

---

[1] سۈرە مۇجادەلە، 18 ـ ئايەت.

نىمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ﴾①.

قۇرئان بۇ ئىلىملەرنىڭ يالغۇز اللهقا خاس ئىكەنلىكى ۋە اللهتىن باشقىسىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ: ﴿وَعِندَهُ مَفَاتِحُ الْغَيْبِ لاَ يَعْلَمُهَا إِلاَّ هُوَ﴾ ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى اللهنىڭ دەرگاھىدىدۇر﴾②.

ھازىرقى دوختۇرلار بالىياتقۇدىكى بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئالىملار خىمىيۋى ئامىللار ئارقىلىق سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرىدۇ، سىز بۇلارغا قانداق قارايسىز؟

قۇرئان كەرىم يامغۇردىن بەھس قىلمىدى، بەلكى ئۇ "ياغدۇرۇش" دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان "غەيس"نى تىلغا ئالدى. "غەيس" دېگەن ئادەتتىكى يامغۇر ئەمەس، بەلكى ئۇ بىرەر دۆلەتنىڭ زېمىنىنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان ياكى سۇ بىلەن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان، بىر مەملىكەتنىڭ زېمىنىنى قۇرغاقلىقتىن يېشىللىققا، چۆللۈكتىن باراڭلىققا ئۆزگەرتىپ، بىر مىللەتنى باياشاتلىققا چىقىرالايدىغان ياكى ئۇ مىللەتنى ھالاك قىلالايدىغان شىددەتلىك يامغۇردۇر. ھالبۇكى، بۇنىڭغا ئوخشاش شىددەتلىك يامغۇرنى تەجرىبە ئارقىلىق ياغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

① سۈرە لوقمان، 24 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەنئام، 59 ـ ئايەت.

الله تائالانىڭ ئانىلارنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلىشى دوختۇرلارنىڭ ئىلمىگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ. دوختۇرلار پەقەت بالىنىڭ جىنسىيىتىنى بىلەلەيدۇ. ئەمما اللهنىڭ ئىلمى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بەلكى اللهنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە بەندە بىلىپ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئىلىمدۇر. الله تائالا: ”ئۇ بالا كىم، ئۇنىڭ ھالى نېمە، دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن قانداق ئىشلارنى قىلىدۇ، قانداق رەۋىشتە ماڭىدۇ، تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۆلگەنگە قەدەر ھاياتى قانداق بولىدۇ؟“ ھەممىنى بىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىنى دوختۇرلارنىڭ تولۇق بىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

تونۇشۇم يەنە مۇنۇ سوئاللارنى سورىدى: ”اللهنىڭ ئەرشى بار، اللهنىڭ ئەرشى ئاسمان - زېمىننى قاپلايدۇ، اللهنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە كۆتۈرىدۇ“ دېيىلىدۇ، بۇ ھەقتىكى پىكرىڭىز نېمە؟

ــ سىز تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر مەخلۇق بولسىڭىزمۇ، ئەقلىڭىز ئاسمان - زېمىننى قاپلىغان يەردە، اللهنىڭ ئەرشى ئاسمان - زېمىننى قانداقمۇ قاپلىمىسۇن؟! زېمىن، قۇياش، يۇلتۇزلار ۋە ئاسماندا ئۆز يۆلىنىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان بارلىق جىسىملار الله تائالانىڭ ئىلاھى قۇدرىتى بىلەن ھاۋا بوشلۇقىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان تۇرسا، سىز قانداقمۇ اللهنىڭ ئەرشىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىشىدىن ئەجەبلىنىسىز؟!

- ئەرش دېگەن نېمە؟

- سىز ماڭا ئېلېكترونىنىڭ ئىمىلىكىنى دەپ بېرىڭ، ئاندىن مەن سىزگە ئەرشنىڭ ئىمىلىكىنى دەپ بېرەي. سىز ماڭا توكنىڭ ئىمىلىكىنى، تارتىش كۈچىنىڭ ئىمىلىكىنى، زاماننىڭ ئىمىلىكىنى دەپ بېرىڭ، ئاندىن مەن سىزگە اللهنىڭ ئەرشىنىڭ ئىمىلىكىنى دەپ بېرەي. سىزنىڭ: ”ئەرش دېگەن نېمە“ دەپ سوراش سالاھىيىتىڭىز يوق، چۈنكى سىز ھېچنېمىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيسىز، دۇنيا نۇرغۇنلىغان سىرلار بىلەن تولغان، بۇمۇ ئۇنىڭ سىرلىرىدىن بىرى.

— ﴿قَالَتْ نَمْلَةٌ يَا أَيُّهَا النَّمْلُ ادْخُلُوا مَسَاكِنَكُمْ لَا يَحْطِمَنَّكُمْ سُلَيْمَانُ وَجُنُودُهُ﴾ ﴿بىر چۈمۈلە: «ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن» دېدى﴾[1] دېگەن ئايەتتە چۈمۈلىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن سۆزلەشكەنلىكى ۋە بىر گۇرۇپ چۆمۈلىنىڭ يەنە بىر گۇرۇپ چۆمۈلىنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، بۇ قانداق گەپ؟

— سىز ھاشارەت ئىلمىدىن ئازغىنە ئوقۇغان بولسىڭىز، بۇ سوئالنى ھەرگىزمۇ سورىمىغان بولاتتىڭىز. ھاشارەت ئىلمىدە چۆمۈلە ۋە ھەسەل ھەرىسىنىڭ تىلى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئىبرەتلىك

---

[1] سۈرە نەمل، 18 - ئايەت.

بايانلار بار. چۈمۈلىنىڭ تىلىنىڭ بارلىقى ھەقىقەت، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان تىلى بولمىسا ئىدى، بۇنچىۋالا ئىنتىزاملىق ھەرىكەت قىلالمىغان ۋە ۋەزىپىلىرىنى بۇنداق ئىنچىل ئورۇندىيالمىغان بولاتتى. ئۇنداق بولغانىكەن، بىر چۈمۈلىنىڭ سۆلەيمان ئەلەيھىسسالامنى تونۇشىدىن ئەجەپلىنىشنىڭ ئورنى يوق. ئىنسانمۇ اللەنى تونۇدى ئەمەسمۇ؟

# الله لەۋھۇل مەھپۇزدا يازغىنىنى قانداق ئۆچۈرىۋېتىدۇ؟

ــــــ ﴿يَمْحُو اللّهُ مَا يَشَاء وَيُثْبِتُ وَعِندَهُ أُمُّ الْكِتَاب﴾ ﴿الله (ئەھكاملاردىن) خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز جايىدا قالدۇرىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇز اللهنىڭ دەرگاھىدىدۇر﴾①. بىز ھېسابتا خاتانى ئۆچۈرۈپ يازغاندەك، پەرۋەردىگارىڭلارمۇ خاتالىشىپ ئۆچۈرۈپ يازامدۇ ياكى بىز ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن ھېساب ئالغاندەك، پەرۋەردىگارىڭلارمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئالامدۇ؟

ـ الله سىزگە ياخشىلىقنى ئىلھام قىلىش ئۇچۇن يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ﴾ ﴿ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾②.

ئۆزىنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە قارىتا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَوْحَيْنَا إِلَيْهِمْ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ وَإِقَامَ الصَّلَاةِ وَإِيتَاء الزَّكَاةِ﴾ ﴿ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق﴾③.

① سۈرە رەئد، 38 ـ ئايەت.

② سۈرە ھۇد، 114 ـ ئايەت.

③ سۈرە ئەنبىيا، 73 ـ ئايەت.

ــ بۇ ئايەتكە نېمە دەيسىز؟ ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[①].

[①] سۈرە زارىيات، 56 ـ ئايەت.

# اﷲ بىزنىڭ ئىبادىتىمىزگە موھتاجمۇ؟

ــ ياق، دەل ئەكسىچە، بىز ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا موھتاج. سىز بىر ئايالنى ياخشى كۆرسىڭىز، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپ، لەززىتىنى سۈرۈش ئۈچۈن، قولىڭىزدىن كەلگەننى قىلىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز قىزغىنلىقىڭىز بىلەن قىلىسىز. بەك ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىڭىزدىن كۆڭلىڭىز يايراپ، خۇشال بولۇپ كېتىسىز. ھەتتا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى پىدا قىلىسىز. شۇنىڭدەك، ھەممىدىن چىرايلىق بولغان اﷲنىڭ جامالىنى تونۇسىڭىز، قەدرىنى بىلسىڭىز، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان بولاتتىڭىز، ئىچىڭىزدە بەخت ھېس قىلاتتىڭىز. اﷲنى تونۇماي تۇرۇپ ئىبادەت قىلىنمايدۇ. ئىلىملەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى اﷲنى تونۇشتۇر. اﷲنى تونۇش ئىنسان تۇغۇلغاندىن بېرى باشلىغان ئىلىملەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىدۇر. بالا دۇنياغا كەلگەندە، ھەممىدىن بۇرۇن ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى تونۇيدۇ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى لەززىتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا ـ ئانىنى، ئائىلىنى، جەمئىيەتنى ۋە مۇھىتنى تونۇيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇھىتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن

ئىشلىتىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بايلىقلار، غەلىبىلەر ۋە لەززەتلەر ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان باشقا بىر ئەمچەكنى تونۇيدۇكى، زېمىندىن ئالتۇن، ئالماسلارنى چىقىرىدۇ، دېڭىزدىن گۆھەر سۈزىدۇ، زىرائەتتىن مېۋىلەرنى ئالىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ تونۇش ۋە ئۆگىنىش سەپىرىدىكى ئىككىنچى لەززىتى. ئۇ، زېمىندىكى مۆھىتىنى تونۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاسمانغا ئاتلىنىدۇ، ئاي ئۈستىگە ئاياق باسىدۇ، كېيىن بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك چوڭ لەززەتنى تېتىش ئۈچۈن ئالەم كېمىسىنى مارسقا يوللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، دۇنيا كەشپىياتىنىڭ ئەڭ چوڭ لەززىتىنى تونۇيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىنى تونۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز نەپسىگە قايتىدۇ ۋە ئۆزىدىن: ”مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇدۇم، مەن كىم؟“ دېگەن سوئالنى سورايدۇ. بۇ سوئالنى تاشلاش بىلەن ئۆزى ۋە باشقىلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى تونۇشقا ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى ئىدارە قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

لېكىن بۇ ئىنسان مەرىپىتىنىڭ ئاخىرى ئەمەس. ئىنسان مەرىپىتىنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئۇ ئىنساننى ياراتقان اللهنى تونۇشتۇر. ئىنسان مۇشۇ ئاخىرقى مەرىپەتكە يېتىش بىلەن بەخت - سائادەتتە ئاخىرقى پەللىگە يېتەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ پەقەت شۇ ۋاقىتتىلا ھەممىدىن چىرايلىق، كامىل ۋە ئۈستۈن بولغان الله بىلەن ئۇچرىشىدۇ. مانا بۇ، ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئىبادەت يولىدا قىلغان سەپىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يول

باشتىن ـ ئاخىرىغىچە گۈل ـ چېچەك ۋە تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، گۈلنى ئۈزگۈچىنىڭ قولى تىكەندىن يارىلىنىدۇ، ئەبەدىي نېئمەتنى تەلەپ قىلغۇچى تىكەنلەرنىڭ ئازابىغا سەۋر قىلىشى كېرەك. ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئۈچرىششى ۋە كۆز ئالدىدىكى پەردىنىڭ ئېچىلىشى نېمىدېگەن ئېسىل لەززەت ـ ھە؟!

جەندە ـ كۇلاھ ئېچىدىكى سوپى مۇنداق دەيدۇ: مانا بىز ھەقىقىي لەززەتنى تېتىغۇچىلارمىز. ناۋادا پادىشاھلار بىزدىكى لەززەتنى بىلسە ئىدى، چوقۇم بىزگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان بولاتتى. مانا بۇ ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي لەززىتى بولۇپ، بۇ لەززەت ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ نېسىۋىسى. لېكىن الله تائالا بۇنىڭدىن ۋە ھەممە ئالەمدىن بىھاجەت، بىز ئۇنىڭغا بويرۇقنا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىنلا ئىبادەت قىلمايمىز، بەلكى ئۇنىڭ جامالى قۇدرىتىنى تونۇغانلىقتىن ئىبادەت قىلىمىز. بىز ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا خارلانمايمىز، بەلكى ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىمىز. دۇنياۋى مەبۇدلاردىن ئازات بولىمىز. ھەۋەس، شەھۋەت، مال ـ دۇنيا ۋە تاماخورلۇقتىن خالاس بولىمىز. بىز اللهتىن قورقىمىز. اللهتىن قورقساقلا، ھېچكىمدىن قورقمايمىز ۋە ھېچكىمگە چېقىلمايمىز. اللهتىن قورقۇش شىجائەت، اللهقا ئىبادەت قىلىش ئازاتلىق، اللهقا يالۋۇرۇش ئىززەت، اللهنى تونۇش ئىشەنچ ۋە ئۇنىڭ ئۆزى ئىبادەتتۇر. بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىمىز ۋە پايدىسىنى

كۆرىمىز، ئەمما ﷲ تائالا بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىھاجەتتۇر.

ﷲ بىزنى ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى بىزگە سۇنۇش ئۈچۈن ياراتتى، بىزلەردىن ئېلىش ئۈچۈن ياراتمىدى. ﷲ ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچىدۇر. بىزلەرگە قۇلاق، كۆز بەردى. ﷲ بىلگۈچى ۋە خەۋەر ئالغۇچىدۇر. بىزلەرگە ئۆزىنىڭ ئىلمىدىن ئۇزۇقلىنىشىمىز ئۈچۈن ئەقىل ۋە تۇيغۇ ئەزالىرىمىزنى بەردى.

ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرىگە ئەڭ چوڭ نېمەتنى بېرىدۇ. مەسىلەن، ﷲ تائالاغا يەر يۈزىدىكى مەخلۇقاتتىن ئەڭ يېقىن بولغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولغاچقا، ئۇنى ھۇزۇرىدا كۈتتۈۋالدى. ﷲ تائالاغا ئىسا ئەلەيھىسسالامۇ شۇنداق يېقىن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغىمۇ ھېچكىمگە بەرمىگەن بەزىبىر اللەىدىلىكلەرنى بەرگەن ئىدى. ئۇ ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەتتى، لايدىن قۇش ياساپ جان كىرگۈزەتتى، كور، ئاق كېسەل ۋە جۈززامىلارنى ساقايتالايتتى.

ﷲ تائالاغا قۇللۇق قىلىش بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى قۇللۇققا ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى قۇللۇق، خوجايىنىنىڭ قۇللىرىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ ئۆز خىزمىتىگە سېلىشتۇر. ﷲ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە خوجايىنىنىڭ قۇللىرىغا چەكسىز نېمەتلىرىنى ئاتا

قىلىش ۋە تۆگمەس ئىززەت ـ ئىكرام بېرىشتىن ئىبارەت.

الله تائالانىڭ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ ئەسلى مەنىسى: ”مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەتلا مۇھەببەت ۋە ياخشىلىق، ئىززەت ۋە ھۆرمەت ئاتا قىلىشىم، شەرەپ ۋە ئىز باسارلىق كىيىمىنى سېلىپ بېرىشىم ئۈچۈن ياراتتىم“ دېگەنلىك بولىدۇ.

بىزنىڭ خوجايىنىمىز بولغان الله بىزنىڭ ئىبادەت قىلىشىمىزدىن بىھاجەت، بىز ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا، چەك ـ چېگرىسى ۋە نىھايىتى بولمىغان ئىززەت، شەرەپ ۋە ھۆرمەتكە موھتاج. كەرەملىك الله بىزنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا رۇخسەت سورىماستىنلا كىرىشكە ئىجازەت قىلدى، بىز اللهنىڭ ھۇزۇرىدا خالىغانچە تۇرالايمىز، خالىغاننى سورىيالايمىز، بىز پەقەت زېمىننىڭ ھەرقانداق يېرىدىن ئىبادەت ئۈچۈن ئورۇن تۇتۇش بىلەنلا اللهنىڭ ھۇزۇرىدا بولىمىز، ئۇنىڭدىن خالىغىنىمىزنى خالىغىنىمىزچە تىلىيەلەيمىز.

بىز ھۇزۇرىغا خالىغانچە كىرەلەيدىغان ۋە خالىغاننى تەلەپ قىلغىلى بولىدىغان پادىشاھ نەدە بار؟!

مانا بۇلار سىز شەكلەنگەن ئايەتلەرنىڭ سىرلىق مەنىلىرى.

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾. ئەگەر پىكىر يۈرگۈزگەن بولسىڭىز، شەك ـ شۈبھىگە بېرىلمەستىن، ھەيرانۇ ھەس قالغان بولاتتىڭىز.

# دىنىنىڭ تەرەققىياتقا بولغان پوزىتسىيەسى

تونۇشۇم ماڭا مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن بەكمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسىز. سىلەر ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە بىر خىل باسقۇچلارنى بايان قىلىسىلەر: "الله بىر پارچە لاينى قولىغا ئالدى، ئۇنى قولىدا يۇغۇردى، ئۇنىڭغا جان پۈۋلىدى، ئاندىن ئۇ ئادەم بولدى" دەيسىلەر. بۇلار سېھىرگەرلەرنىڭ ئۇسلۇبلىرىغا ئوخشايدىغان سەپسەتىلەردىن ئىبارەت. سىز بۇنى ئىسپاتلىشىڭىز كېرەك. سىلەرنىڭ بۇ ئىدىيەڭلارغا تەرەققىيات ئىلمى زىت كېلىدۇ. چۈنكى تەرەققىيات ئىلمى: "سىزنىڭ دوستىڭىز ئۆتمۈشتىكى بىر قانچە ھايۋان تەبىقىلىرىنىڭ زەنجىرسىمان ئالاقە نەتىجىسىدىن ھاسىل بولدى. ئادەم ئۆزىنىڭ ھايۋانى ئائىلىسىدىن ئايرىلمىغان، ئادەم بىلەن مايمۇنلار يەتتىنچى ئاتىدا بىرلىشىدىغان تاغا ئەجدادلىرى، ئۇلارنىڭ شەكىل ۋە جىسىملىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىشى، ئۇلارنىڭ بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىدا بىر ئائىلىدىن ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى" دەيدۇ.

مەن بىر شېرىن ئىلمىي مەرىكىگە ھازىرلىنىپ مۇنداق دېدىم:

ئالدى بىلەن سىزنىڭ مەلۇماتىڭىزنى توغرىلاپ قويـاي: الله تائـالا ئـادەم ئەلەيھىسسالامنى سېھرگەرلەرنىڭ سېھرىي ئۇسۇلىدا ياراتمىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىر ئوچۇم لاي بولۇپ، ئۇنىڭغا جان پۈۋلەش بىلەنلا ئادەم بولۇپ قالغان ئەمەس. قۇرئان كەرىم ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىش جەريانىنى باشقا شەكىلدە بايان قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇزۇن زاماندا، بىر نەچچە باسقۇچتا يارىتىلغانلىقىنى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تاسادىپىي ھالدا لايدىن پەيدا بولۇپ قالمىغانلىقى، ئەكسىچە، اللهنىڭ ئۇنى لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ: ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ مِن سُلَالَةٍ مِّن طِينٍ﴾ ﴿بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق﴾[1].

ئىنسان دەسلەپتە تىلغا ئالغۇچىلىك بىر نىمە ئەمەس ئىدى: ﴿هَلْ أَتَى عَلَى الْإِنسَانِ حِينٌ مِّنَ الدَّهْرِ لَمْ يَكُن شَيْئًا مَّذْكُورًا﴾ ﴿ئىنسان (ئانىنىڭ قورسىقىدا) بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولمىدى﴾[2].

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى بىر نەچچە باسقۇچتا تاماملانغان: ﴿مَّا لَكُمْ لَا تَرْجُونَ لِلَّهِ وَقَارًا. وَقَدْ خَلَقَكُمْ أَطْوَارًا﴾ ﴿نىمە ئۈچۈن سىلەر اللهنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 12 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىنسان، 1 ـ ئايەت.

قورقمايسىلەر؟ ھالبۇكى، الله سىلەرنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياراتتى》[1]؛ ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَاكُمْ ثُمَّ صَوَّرْنَاكُمْ ثُمَّ قُلْنَا لِلْمَلآئِكَةِ اسْجُدُواْ لآدَمَ فَسَجَدُواْ إِلاَّ إِبْلِيسَ﴾ 《شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىللەندۈردۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: سىلەر ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى》[2]؛ ﴿إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَرًا مِن طِينٍ. فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ﴾ 《ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم ياراتىمەن، ـ دېدى، ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار》[3].

بۇنىڭ مەنىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىر قانچە باسقۇچتا تاماملانغان، كېيىن ئۇنىڭ شەكلى يارىتىلغان، ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچتا ئۇنىڭغا جان پۈۋلەنگەن. ﴿ثُمَّ﴾ دېگەن سۆز ئىلاھىي زامان ھېسابىدا مىليونلىغان يىللارغا تەڭ كېلىدۇ. ﴿إِنَّ يَوْمًا عِندَ رَبِّكَ كَأَلْفِ

---

[1] سۈرە نۇھ 13 ـ ۋە 14 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەئراف، 11 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ساد، 71 ـ ۋە 72 ـ ئايەت.

سَنَةٍ مِّمَّا تَعُدُّونَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر﴾[1].

سىز سەجدە سۈرىسىدىكى يارىتىلىش باسقۇچلىرىغا قاراڭ: ﴿وَبَدَأَ خَلْقَ الْإِنسَانِ مِن طِينٍ. ثُمَّ جَعَلَ نَسْلَهُ مِن سُلَالَةٍ مِّن مَّاءٍ مَّهِينٍ. ثُمَّ سَوَّاهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِن رُّوحِهِ وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ قَلِيلًا مَّا تَشْكُرُونَ﴾ ﴿ئۇ دەسلەپتە ئىنسانىنى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنى)دىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى (يەنى جاننى كىرگۈزدى). يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى﴾[2].

ئايەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سېھرىي ئۇسلۇبتا بىراقلا يارىتىلماستىن، بەلكى بىر قانچە باسقۇچتا يارىتىلغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلمەكتە.

﴿وَاللَّهُ أَنبَتَكُم مِّنَ الْأَرْضِ نَبَاتًا﴾ ﴿اللہ سىلەرنى زېمىندىن ئۈندۈردى﴾[3].

زېمىندىن ئۈنۈپ چىققىدىغان گىياھمۇ بىر قانچە باسقۇچتا ئۆسىدۇ، شۇڭلاشقا اللہ تائالا: "سىلەرنى زېمىندىن ئۈندۈردۇق" دېدى. لېكىن بۇ باسقۇچلار قايسى ئۇسۇلدا ھاسىل بولغان؟ ھايات شەجەرىسىنىڭ

---

[1] سۈرە ھەج، 7 ـ دىن 9 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە سەجدە، 7 ـ دىن 9 ـ ئايەتكىچە.

[3] سۈرە نۇھ، 17 ـ ئايەت.

ھەممىسى بىر ئاتىدىن كەلگەنمۇ؟ خىمىيىۋى تەركىۋىگە ئاساسەن ھەممىسى لايدىن دۇنياغا كەلگەنمۇ؟ ھەممىسى ئۆلۈپ، ئەسلى مەنبەئى بولغان توپراققا قايتامدۇ؟ بۇ، بىلىنمىگەن ھەقىقەت.

لېكىن بىز ”ئاتا“ دېگەن سۆزدىن ئۇنىڭ ئەسلى لايلىقىدىن كۆپرەك نەرسىلەرنى مەقسەت قىلىمىز.

بۇ يەردىكى سوئال شۇدۇركى، لايدىن بىر ھۈجەيرە تۇغۇلۇپ، ئۇ ھۈجەيرە كۆپىيىپ، ئىنسانلىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك پارچىلىرى كېلىپ چىققانمۇ؟ ياكى بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر باشلانغۇچى بارمىدى؟ ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر باشلانغۇچى بولۇپ، ئوخشىمىغان تۈرلەرگە تەرەققى قىلغانمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر ئەجدادى، باشقا تۈرلەرنىڭمۇ ئايرىم - ئايرىم ئەجدادى بولامدۇ؟

تۈرلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشىدا بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىشى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر باشلانغۇچىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇلاردىكى بۇ ئوخشىشىش ئۇلارنىڭ بىر ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقى ۋە ئۇ ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ياراتقۇچى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەلۇم بىر ئۇسلۇب ۋە پىلاندا ياراتتى. بۇ ھېچ شۈبھە بولمىغان بىر نەتىجە. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاناتومىيەلىك جەھەتتە ئوخشاپ كەتكەنلىكىدىن ئاتىسى ۋە مەنبەئىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىش شەكسىز ھەقىقەت ئەمەس.

قاتناش ۋاستىلىرى: ھارۋا، ماشىنا، پويىزنىڭ ھەممىسى ئوخشاش شەكىل ۋە گېئومېترىيىلىك ئۇسۇلدا ياسالغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئىنسان تەرىپىدىن ياسالغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىشى ھەممىسىنىڭ ئايرىم — ئايرىم پىكىر ۋە گېئومېترىيىلىك ئۇسلۇبتا ياسالغانلىقىنى يەكۈنلەپ بەرمەيدۇ.

شۇنىڭدەك، تۇرلەردىكى مەخپىي قانۇنلار ھۆكمى بىلەن قول ھارۋىسى موتۇرلۇق ھارۋىغا، موتۇرلۇق ھارۋا پار ماشىنىسىغا، پار ماشىنىسى پويىزغا ئايلاندى دېسەك، خاتالاشقان بولىمىز. ھەقىقەت بۇنداق ئەمەس. بۇ باسقۇچلارنىڭ ھەر بىرى ئىختىرا قىلغۇچىنىڭ زېھنىگە ئورنىشى ۋە ھەر بىر باسقۇچقا ئالاھىدە ۋە ئايرىم پىكىر يۈرگۈزۈشى بىلەن ھاسىل بولدى. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن تەرەققى قىلىپ ھاسىل بولمىدى. ئۇلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى زامان تەرتىپى ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن تەرەققى قىلىپ، ھاسىل بولۇش يەكۈنىنى كۈچلەندۈرۈشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىختىرا قىلغۇچى ۋە ياسىغۇچىنىڭ ھەر بىرىگە مۇستەقىل ۋە ئالاھىدە پىكىر ۋە زېھىن ئىشلىتىشى بىلەن مەيدانغا كەلدى، باشلانغۇچتىمۇ مۇستەقىل ۋە ئايرىم ھالدا باشلانغان.

مانا بۇ، دارۋىننىڭ خاتالىرى بولۇپ، دارۋىن ئۆزىنىڭ نەزەرىيەسىنى ئېلان قىلغاندا، مۇشۇ خاتا كۆز قاراشلار ئۇنى ھالاكەت ئېڭىغا باشلاپ بارغانىدى.

بىز ئۇنىڭ: ”تۇرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى“ دېگەن كىتابىدا ئېيتقانلىرىنى ئەسلەپ كۆرەيلى:

دارۋىن ”بېگىل“[1]ناملىق كېمە بىلەن چىققان سەپىرىدە ھايۋان تۇرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنىڭ بىر ئىكەنلىكى نەزەرىيەسىنى بايقىغان ئىدى. ئۇ، بۇ نەزەرىيىگە ئاساسەن: بارلىق ھايۋاننىڭ سۆڭەك قۇرۇلمىسى بىردۇر، مايمۇننىڭ قولى قۇشنىڭ قاناتىنىڭ ئۆزى، قۇشتىكى قانات شەپەرەڭدىكى قاناتنىڭ ئۆزى. بىر ھايۋاندىكى سۆڭەك باشقا بىر ھايۋاندا ئىشلەش ۋەزىپىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئازغىنا ئوخشىماسلىق بىلەن ئەينى سۇرەتتە تېپىلىدۇ. قۇشنىڭ ئۇستىخانلىرى ئىچى كاۋاك، يەڭگىل، نېپىز، ئىنچىكە ۋە تۈك بىلەن قاپلانغان بولىدۇ. بوينى ئۇزۇن زىراپىنىڭ يەتتە تومۇرى بار، ئىنساننىڭ بويۇن تومۇرىمۇ يەتتە، بوينى كۆرۈنمەيدىغان مۇشۇكياپىلاقنىڭ بويۇن تومۇرىمۇ يەتتە. ئىنساننىڭ قولىدا بەش بارماق بار، مايمۇن، توشقان، پاقا ۋە پاتمىچۇقنىڭ قولىمۇ بەش بارماقتىن تەشكىل تاپقان. لەھەڭ، مايمۇن ۋە ئىنسان توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئېمىتىش

---

[1] «بېگىل» ئەينى زاماندا ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتى دېڭىزدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلىغان پاراخوتقا بېرىلگەن نام.

مۇددىتى ئىككى يىل، مايمۇنىنىڭ قۇيرۇقى ئىنساندىمۇ بار، لېكىن ئىنساندىكى قۇيرۇق كاسىنىڭ ئۇستىگە يېپىشتۇرۇلغان، شۇڭا ئۇ يەر ناھايىتى قاتتىق. ئات، ئېشەك، توشقان ۋە كەپتەرنىڭ يۈرىكى ئىنساننىڭ يۈرىكىگە ئوخشاش تۆت ھۇجەيرىگە ئىگە. بۇ ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزاسىمۇ بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشايدۇ" دەپ داۋراڭ سالغان.

بۇ كۆز قاراشلاردىن كېيىن، دارۋىننىڭ تەبىئىي ھالدىلا: "بۇ ھايۋانلارنىڭ ئەسلى بىر، مەنبەسى بىر بولۇپ، تەبىئەت ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ھەممىسى ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن مۇھىت ئىچىدە ياشىغان" دېگەن خۇلاسىگە كەلدى ۋە: "مۇز ئوكيانىدىكى لەھەڭ ياغدىن تون كىيدى، كۈننىڭ تەپتىدىن ئىنسانلارنىڭ تېرىسى قارايدى ۋە ئۇلارنى كۈننىڭ ئاپتىپىدىن ھىمايە قىلىدىغان كۈنلۈك بولدى. سۇ ھايۋانلىرى بەدىنىنى سۇ ئۈزۈشكە، قۇشلار بەدىنىنى ئۇچۇشقا، ھايۋانلار بەدىنىنى مېڭىشقا مۇۋاپىق شەكىلدە تەرەققىي قىلدۇردى" دېدى.

تاش قاتلاملىرى بىزگە كۈچلۈك دەلىل بولالايدۇ. تەكشۈرۈپ كۆرسەك، ئۇ تاشلارنىڭ بىر زامانلار ئاشكارا بولۇپ، بەزى بىر زامانلاردا يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى، بىر ھۇجەيرىسىنىڭ بىر قانچە ھۇجەيرىگە ئايلانغانلىقىنى، ئۇ ھۇجەيرىلەرنىڭ كېيىن قوۋزاق تۇتقانلىقىنى، قوۋزاقتىن بېلىققا ئايلانغانلىقىنى، بېلىقلاردىن سۇ ۋە قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنىڭ، ئۇلاردىن زېمىندا ماڭىدىغان

ھايۋانلار، ئۆلاردىن قۇشلارنىڭ، ئاخىرىدا ئىنسان پەيدا بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

دارۋىن ھايۋانلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىدا بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىشى ھەققىدىكى بۇ مۇقەددىمىسىدە توغرا ئېيتقان. شۇنىڭدەك، ھايۋانلارنىڭ تەرەققىي قىلىش توغرىسىدا دېگەنلىرىدىمۇ ھەقلىق ئىدى.

لېكىن تەرەققىي قىلىش شەكلىنى ئىزاھلاشتا ۋە تەرەققىي قىلىشتىكى باسقۇچلارغا قىلغان تەسەۋۋۇرىدا خاتالاشقان ئىدى.

دارۋىن تەرەققىي قىلىش شەكلىنى ئۆزلۈكسىز ھالدا پەقەت ماددىي ئامىللار بىلەن تاماملىنىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ، ھايات قېلىش ئۈچۈن يىرتقۇچ چىشلار ۋە ئۆتكۈر تىرناقلار بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى، ئاجىزلار ئۆلۈپ، كۈچلۈكلەرنىڭ ھايات قالىدىغانلىقىنى، تەبىئەتتىن كېلىپ چىققان بۇ ئۇرۇشنىڭ كۈچلۈكلەرگە ھايات يولى ئاچىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ نەسلى داۋاملىشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

دارۋىننىڭ بۇ نەزەرىيەسى كۈچلۈكنىڭ ھاياتتا قالىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ، لېكىن ئۇ بىزگە ھاياتنىڭ چىرايلىققا قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيەسىگە ئاساسەن نەقىشلىك قاناتنىڭ نەقىشسىز قاناتقا نىسبەتەن مەئىشەتتە ھېچ بىر ئەھمىيىتى يوق. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھايۋانلارنىڭ ...

ھەقىقەت شۇكى، قۇشلار جۇپلەشكەندە، ئەركەك قۇشلار قاناتلىرى ئەڭ چىرايلىق چىشى قۇشلارنى تاللايدۇ. چىرايلىقنى تاللاش ھېسابقا كىرسىلا، ماددىزىمچى نەزەرىيە تۈپتىن ۋەيران بولىدۇ. “كۈچلۈك قالىدۇ، ئاجىزلار يوقۇلۇشقا مەھكۇم” دەيدىغان بولساق، نېمە ئۈچۈن ئېشەك ئائىلىسىدىن ئات كېلىپ چىقتى؟ تاغ ئۆچكىسىدىن قانداق بولۇپ نازۇك ۋە ئاجىز كېيىك كېلىپ چىقتى؟ ھۆپۈپنىڭ قاناتلىرىنى، تورنىڭ قۇيرۇقىنى، شەپەرەڭنىڭ ھەر خىل رەڭلەر بىلەن زىننەتلەنگەن تېرىسىنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىمىز؟ بۇلارغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، ئۆزىمىزنى ھايات قېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قانلىق جەڭ ئالدىدا ئەمەس، بەلكى ئۇستا رەسسامنىڭ چۆۋەر قولىدىكى رامكىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىمىز.

تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئىككىنچى خاتالىقى ئەركەك جىنسى بىلەن چىشى جىنسىنىڭ نەسىللىنىشىدە ئەركەك ھۇجەيرىسىنىڭ چىشى ھۇجەيرىسى ئارىسىدا ئەمىلىيلىشىدىغان مىراس خروموسومىدا تاسادىپى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە نەسىللەرگە يېڭى سۈپەتلەر ئېلىپ كېلىشى ھەققىدىكى نەزەرىيەسى ئىدى.

بەزى ۋاقىتلاردا بۇ سۈپەتلەردە ھايۋانلارنىڭ سۈرىتىنى بۇزىدىغانغا ئوخشاش زىيانلىق ئۆزگىرىشلەر بولسا، بەزىدە سۇدا ياشايدىغان جانلىقلاردا ياپىلاق پاچاقلار چىقىشىغا ئوخشاش پايدىلىق ئۆزگىرىشلەر

بولىدۇ. چۈنكى ياپىلاق پاچاق سۇ ئۈزۈشكە بەكمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. تەبىئەت بۇ سۈپەتنى كۈچلەندۈرۈپ، يېڭى نەسىللەرگە يۆتكەيدۇ ۋە كونا سۈپەتنىڭ سالاھىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يوق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تەدرىجى تەرەققىيات مەيدانغا كېلىدۇ ۋە نورمال پاچاقلار پۈتۈنلەي ياپىلاق پاچاقتا مۇقىملىشىدۇ.

بۇ نەزەرىيەنىڭ خاتالىقى: تەدرىجى تەرەققىياتنى بىر پىلانلىغۇچى ۋە ئەمىلىيلەشتۈرگۈچىنىڭ بارلىقىغا، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇنىڭ پىلانى ۋە يارىتىشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا باغلىماستىن، بەلكى ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ، مۇھىتنىڭ ياردىمى بىلەن ھايۋانلاردا ئۆزلىشىدىغانلىقىنى داۋا قىلىشىدۇر.

پۈتۈن كائىناتتا كۆرۈلۈۋاتقان ۋە مەخلۇقنىڭ ئىقتىداردا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان پۇختا پىلان ۋە تەدبىرلەرگە ئاساسەن، بۇ نەزەرىيەنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغان ھېچبىر تەرىپى يوق.

پاشا تۇخۇملىرىنى ساسلىقتا سۇنىڭ تېگىگە تۆكىدۇ، ھەر تۇخۇم تۆرەلگەندە لەيلەش ئۈچۈن ئىككى لەيلەك خالتىسى بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ. پاشا تۇخۇملىرىنىڭ لەيلىشىگە كېرەكلىك لەشنى بېرىش ئۈچۈن لەيلەش قانۇنىيىتىنى بىلىشى كېرەك. پاشا بۇ لەيلەش قانۇنىيىتىنى كىمدىن ئۆگەندى؟ چۆل دەرەخلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرى قاناتلىق بولىدۇ. بۇ ئۇرۇقلار شامالدا ئۇچۇپ نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كەڭ

مۇساپىگە يېيىلىدۇ. ئۇرۇقلارنىڭ بىر نەچچە كىلومېتىر يىراق مۇساپىگە ئۇچۇپ بېرىپ، ئۇنۇشكە مۇۋاپىق يەرلەرگە چېچىلىشى ئۇچۇن، چۆل دەرەخلىرى ئۇرۇقنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈش قانۇنىيىتىنى بىلىشى كېرەك. دەرەخلەر بۇنى نەدىن ئۆگەندى؟ بەزى ئۆسۈملۈكلەر ھاشارەتلارنى تۇتۇپ يېيىش ئۇچۇن قىسماقلار قۇرۇپ، ھەرخىل ھىيلە ۋە ئالداش ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكلەر قايسى ئەقىل بىلەن بۇ ھىيلىلەرنى ئىشلىتىدۇ؟

بىز بۇ يەردە ھەممىنى ئويلايدىغان، ھەممىنى بىلىدىغان، مەخلۇقاتىغا ئەڭ ئۇيغۇن سەۋەب ـ ئامىللارنى يارىتىپ بېرىدىغان بىر ئەقىلنىڭ ئالدىدا تۇرماقتىمىز. تەرەققىياتنىڭ ھاسىل بولۇشىنى ئىدراك بىلەن ياراتقۇچىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس: ﴿الَّذِي أَعْطَى كُلَّ شَيْءٍ خَلْقَهُ ثُمَّ هَدَى﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىب) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى﴾[1].

دارۋىن نەزەرىيەسىنىڭ ئالدىدىكى ئۈچىنچى توسالغۇ خروموسوم ياكى ئاناتومىيە خەرىتىسى بولۇپ، بىز ھازىر ھەر بىر ھايۋاننىڭ ئۆزىگە خاس خروموسوم خەرىتىسى بارلىقى ۋە خروموسوم خەرىتىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن بىر تۈرنىڭ يەنە بىر

[1] سۈرە تاھا، 50 ـ ئايەت.

تـۇردىن ھاسـىل بولۇشـىنىڭ مـۇمكىن ئەمەسـلىكىنى بايقىدۇق.

بۇنىڭـدىن شـۇنى خۇلاسـە قىلىمىزكـى، دارۋىـن نەزەرىيەسـى ھەقىقەتـكە ئۇيغـۇن ئەمەس. ھـايۋانلار ئارىسـىدىكى تـۈرلىنىش ئوخشاشـلىقى ۋە تەدرىجـي تەرەققىي قىلىدىغانلىقى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىـقەت بولسـىمۇ، تەرەققىياتنىـڭ دەرىـجە ـ باسقۇچلىرى ۋە شەكلى دارۋىـن نەزەرىيىسـىگە ئاساسـەن ئېنىق ئەمەس.

اﷲنىڭ يارىتىشىدىكى باسقۇچلارنى بايان قىلىدىغان سەجدە سۈرىسىگە قايتايلى: ﴿وَبَدَأَ خَلْقَ الْإِنسَانِ مِن طِينٍ. ثُمَّ جَعَلَ نَسْلَهُ مِن سُلَالَةٍ مِّن مَّاء مَّهِينٍ. ثُمَّ سَوَّاهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِن رُّوحِهِ وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ﴾ ﴿ئـۇ دەسـلەپتە ئىنسـاننى (يەنـى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئـادەم ئەلەيھىسسـالامنى) لايـدىن يـاراتتى. ئانـدىن ئۇنىـڭ نەسـلىنى ئەرزىـمەس سـۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنى)دىن ياراتتى. ئاندىن ئـۇنى راۋۇرۇس يارىتىـپ، ئۇنىڭغـا ئـۆزىگە مەنسـۇپ روھنـى كىرگـۈزدى (يەنى جاننى كىرگۈزدى). يەنە سىلەر ئۈچـۈن قـۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى﴾[1].

ئايەتنىـڭ مەنىسـى ئوچـۇق بولـۇپ، ئىنسـانلارنىڭ تۇنجىسى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالام دەسلەپىدە قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەك تېخى يارىتىلمىغان لاي ھالىتىدە ئىدى. كـۆز، قـۇلاق ۋە يـۈرەك ئـادەم ئەلەيھىسسـالامغا جـان

---

[1] سۈرە سەجدە، 7 ـ دىن 9 ـ ئايەتكىچە.

كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن يارىتىلغان بولۇپ، بۇلار ئادەمنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. ھايۋان تۈرلىرىنىڭ باشلىنىشىمۇ ئىنساننىڭ ھايات باشلانغۇچى بىلەن ئوخشاش: ﴿هَلْ أَتَى عَلَى الْإِنسَانِ حِينٌ مِّنَ الدَّهْرِ لَمْ يَكُن شَيْئًا مَّذْكُورًا﴾ ﴿ئىنسان (ئانىنىڭ قورسىقىدا) بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تېخى تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولمىغان﴾[1].

مانا بۇ، زامانىۋي ئىلىملەردىن بەك پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان چۈشەنچىدۇر. لېكىن بۇ ئايەت ئەينى ۋاقىتتا باشقا بىر مەنىنىمۇ مەقسەت قىلىشى مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ، بالىلارنىڭ ئانا رەھىمىدىكى باسقۇچلىرى بولۇپ، قۇلاق ۋە كۆزلەر بولمىغان تۆت ئايلىق گۆش پارچىسىغا جان كىرگۈزۈلۈشى ۋە باشقا بىر شەكىلنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدۇر.

قۇرئان كەرىمدىكى يارىتىش ۋە يارىتىلىشقا دائىر ئايەتلەرنى مۇتەشابىھ ئايەتلەر دېيىشكە بولىدۇ ۋە ئۇلارنى بىر قانچە جەھەتتىن تەپسىر قىلىشقا بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿الَّذِي خَلَقَكَ فَسَوَّاكَ فَعَدَلَكَ. فِي أَيِّ صُورَةٍ مَّا شَاء رَكَّبَكَ﴾ ﴿ئۇ سېنى ياراتتى، (ئەزالىرىڭنى)

---

[1] سۈرە ئىنسان، 1 ـ ئايەت.

بىجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلدى. سېنى خالىغان شەكىلدە قۇراشتۇردى﴾[1].

ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ئىرسىيەت مۇتەخەسسىسلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نېمە بولۇپ، دارۋىن داۋراڭ سالغاندەك تاسادىپىي ۋە ئۆزلىكىدىن تەدرىجى تەرەققى قىلغان ئەمەس، بەلكى الله ئىلاھىي ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى بىلەن تەدرىجى باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياراتقان.

---

[1] سۈرە ئىنفىتار، 7 ـ ۋە 8 ـ ئايەت.

# "لا ئىلاھە ئىللاللاھ" كەلىمىسى

تونۇشۇم مۇنداق دېدى:

ـ سىلەر "لا ئىلاھە ئىللاللاھ" كەلىمىسىنى گويا ھەممە ئىشنىڭ ئاچقۇچىدەك ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىسىلەر. ئۇنىڭ بىلەن جىنازا ئۇزىتىسىلەر، تۇغۇلغان بالىلارنى كۈتۈۋالىسىلەر، مۆھۈرلەرگە ئويىسىلەر، ئۈزۈكلەرگە نەقىش قىلىسىلەر. ئۇنىڭ بىلەن يول ياسايسىلەر، تاملارغا ئېسىۋالىسىلەر، "ئۇنى بىر قېتىم دېگەن كىشى دوزاختىن ئازاد بولىدۇ، يۈز قېتىم دېگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ" دەيسىلەر، خۇددى ئۇ سېھىرلىك ھاسا ياكى جىن قوغلاش تۇمارىدەك مۇئامىلە قىلىسىلەر. سىز بۇنىڭدا مەن بىلەن ھەمپىكىر ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن، سىلەر: ﴿ألم ... كهيعص... طسم... حم... ألر..﴾ دېگەن ھەرپلەرنىڭ مەنىلىرىنى بىلمەيسىلەر، بۇلار نېمىدىن ئىبارەت؟ بۇلار سېھىرگەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشىمامدۇ؟ سىز بۇنىڭغا قايىل ئەمەسمۇ؟ مەن: "لا ئىلاھە ئىللاللاھ" دېسەم، جازادىن قۇتۇلۇپ كېتەمدىمەن؟ ئۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنى ئېيتىمەن ۋە ئۇنى دېگىنىمگە سىزنى ۋە مۇشۇ سورۇندا ھازىر بولغانلارنى گۇۋاھ قىلىمەن: "لا ئىلاھە ئىللاللاھ"، بولىدىمۇ؟ مەسىلە تۈگىدىمۇ؟

ـ سىز ھېچنېمە دېمىدىڭىز.

”لا ئىلاھە ئىللاللاھ“ كەلىمىسى شۇنىڭغا لايىق ئەمەل قىلغۇچىلار ئۈچۈن بولۇپ، پەقەت ئېغىزىنى ئېچىپ، يۇمۇپ قويغانلار ئۈچۈنلا ئەمەس. ”لا ئىلاھە ئىللاللاھ“ ھەرىكەت خەرىتىسى ۋە ھايات يولىدۇر. ئۇ پەقەت مەنىسىز بىر قانچە ھەرپتىن ئىبارەت ئەمەس. بىز ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئازغىنە توختىلىپ ئۆتەيلى: بىز ”لا ئىلاھە ئىللاللاھ“ دېگىنىمىزدە، اللهتىن باشقا بىر مەبۇدنىڭ يوقلىقىنى مەقسەت قىلىمىز. ئىبارىدىكى ”لا“ سۆزى مەنفىي، ”ئىللا“ سۆزى مۇسبەت مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭ ئەقىدىمىز مانا مۇشۇ ئىككى كەلىمىنىڭ ئارىسىدا جەم بولىدۇ. ”لا“ كەلىمىسى ھەممە نەرسىنىڭ ئىلاھلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. يەنى بىز ”لا ئىلاھە ئىللاللاھ“ دېگىنىمىزدە، مال ـ دۇنيا، يۇز ـ ئابروي، سەلتەنەت، لەززەت ـ پاراغەت، گۈزەل ئاياللار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە: ”ياق، بىز ساڭا چوقۇنمايمىز، سەن ئىلاھ ئەمەسسەن“ دېگەن بولىمىز ۋە بۇلارغا ئىنتىلىدىغان نەپسىمىزگە قارشى چەك قويىمىز. چۈنكى ئىنسان ئادەتتە ئۆزىنىڭ نەپسى، ئۆزىنىڭ مەيل ـ پىكرى، ھاۋايى ـ ھەۋەسى، ئىختىيارى، مىجەزى، ئەقىل ـ ھوشى، تالانتى، قابىلىيىتى ۋە نام ـ شۆھرىتىگە ئىبادەت قىلىدۇ. بارلىق ئىش ئۆز ئىقتىدارى بىلەن بولىدىغاندەك، ئىنسانلار ۋە جەمئىيەت ئۆزىگە تايىنىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆزى ھېس

قىلمايلا، ئۆزىنى ئىلاھ قىلىۋالىدۇ. بىز بۇ نەپسكە: ''ياق، بىز ساڭا ئىبادەت قىلمايمىز، ساڭا چوقۇنمايمىز، سەن ئىلاھ ئەمەسسەن'' دەيمىز. بىز مۇدىرغا، باشلىققا ۋە ھاكىمغا: ''ياق، سەن ئىلاھ ئەمەسسەن'' دەيمىز.

ئىلاھ كەلىمىسىنىڭ مەنىسى ''قىلغۇچى، ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى'' دېگەن بولىدۇ. بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى ھەقىقىي ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى پەقەت ﷲتۇر. شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى سەۋەب ۋە ئامىللاردىن ئىبارەت. مۇدىر، باشلىق، مال ـ دۇنيا، يۈز ـ ئابروي، سەلتەنەت، ئەقىل، تالانت، نەپس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە: ''ياق، سەن ئىلاھ ئەمەسسەن'' دەيمىز.

''لا'' كەلىمىسى ئارقىلىق ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن، ''ئىللا'' كەلىمىسى ئارقىلىق پەقەت بىرلا ئىلاھنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئۇ بولسىمۇ، ﷲ تائالادۇر. شۇنىڭ بىلەن، قۇدرەت ۋە پائالىيەت ئىگىسىنىڭ پەقەت ﷲ تائالا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىمىز.

بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ ھەممىسى ''لا'' بىلەن ''ئىللا''نىڭ، يەنى ئىنكار بىلەن ئېتىراپنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، مال ـ دۇنيا يىغىش، باي بولۇش، يۈز ـ ئابروي قازىنىش، سۇلتانغا يېقىن بولۇش، باشلىققا تەزىم قىلىش، لەززەت ـ پاراغەت تەلەپ قىلىش، نەپسىنىڭ خاھىشىغا ئەگىشىش، مەيلىگە بېرىلىش ۋە پىكىرىگە ئاشنا بولۇش بىلەن مەشغۇل بولغان ھەر قانداق كىشى

بۇ ''ئىلاھ''لارغا ''ياق'' دېمىگەن بولىدۇ. گەرچە ئۇ مېھراپتا سەجدە قىلغان بولسىمۇ، نېمىگە سەجدە قىلغىنىدىن بىخەۋەر بولۇپ، ''لا ئىلاھە ئىللاللاھ'' دېگەن سۆزنىگە سادىق ئەمەس.

''لا ئىلاھە ئىللاللاھ''نىڭ مەنىسى: ''ﷲتىن باشقا ھېساب ئالغۇچى ۋە كۆزەتكۈچى يوقتۇر، قورقۇش ۋە كۈزىتىش ئۇچۇن پەقەت ﷲ تائالالا ھەقلىقتۇر'' دېمەكتۇر. كىمكى ﷲتىن قورقماي، كېسەلدىن، مىكروپتىن، ساقچىنىڭ كالتىكىدىن، سۇلتاننىڭ ئەسكىرىدىن قورقىدىكەن، بۇ ''ۋەھىمە ئىلاھلىرى''غا ياق دېگەن بولمايدۇ، مەبۇدلارغا چوقۇنغان بولىدۇ، ياراتقۇچىغا بۇ مەبۇدلارنى شېرىك قىلغان بولىدۇ، ''لا ئىلاھە ئىللاللاھ''نى يالغاندىن ئېيتقان بولىدۇ.

دېمەك، ''لا ئىلاھە ئىللاللاھ'' ھاياتنىڭ يول خەرىتىسى، دەستۇرى ۋە ئەھدىنامىسىدۇر. ئۇنىڭدىن پەقەت مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەل مەقسەت قىلىنىدۇ. كىم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا، ئۇ پۈتۈن ئىشكىلەرنى ئېچىۋېتىدىغان سېھىرلىك ئاچقۇچى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نىجاتچىسى، ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ كاپالىتى بولىدۇ.

ئەمما ئۇنى دىلى بىلەن تەستىقلىماستىن، ئەزالىرى بىلەن ئەمەل قىلماستىن، پەقەت ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئېيتىپ قويسا، كەلىمە ئۇنى ھېچنېمىدىن بىھاجەت قىلالمايدۇ.

”لا ئىلاهە ئىللاللاھ“ كەلىمىسى بۇنىڭدىن باشقا پەلسەپەۋى پرىنسىپتىن ئىبارەت. دوكتور زەكى نەجىب مەھمۇد مۇنداق دەيدۇ: ”لا ئىلاھە ئىللاللاھ“ ئۈچ ھەقىقەتنى ئىقرار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ئىقرار قىلغۇچى، ئىقرار قىلىنغۇچى، ئىقرار قىلىشقا شاھىت بولغۇچىلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى. يەنى بۇ، ئىقرار قىلغۇچىنىڭ ئۆزى، ئىقرار قىلىنغۇچى بولغان الله ۋە بۇ ئىقرارغا شاھىت بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقى بىر مەۋجۇدىيەتتىكە بولغان ئېنىق ئىقراردۇر.

بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى پەقەت ماددىي پەلسەپەنى ياكى خىيالىي پەلسەپەنىلا قوبۇل قىلمايدۇ. ئەكسىچە ھەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدىكى بىر پەلسەپەنى ئىختىيار قىلىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرەپلىمە بولماستىن، بەلكى ئوتتۇرا يول ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى.

ئىسلام دىنى پەقەت خىيالىي پەلسەپەنىلا قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى خىيالىي پەلسەپە ئەقىلنىڭ سىرتىدا ماددىي دۇنيانىڭ مۇستەقىل بارلىقى ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. خىيالىي پەلسەپە نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ھەممە نەرسە مېڭىدىكى خىيال ياكى ئەقىلدىكى پىكىردىن ئىبارەت. سىز، رادىئو، يول، جەمئىيەت، گېزىت ۋە ئۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەقلىمىزدە

جارى بولىدىغان ھادىسە ۋە خىياللار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تاشقى دۇنيادا ئۇنداق بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.

چېكىدىن ئاشقان بۇ خىيالىي پەلسەپەنى ئىسلام دىنى، شۇنداقلا شاھادەت كەلىمىسى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى "لا ئىلاھە ئىللاللاھ" بىز باشتا دېگىنىمىزدەك، ئىقرار قىلغۇچىنىڭ بارلىقىنى، ئىقرار قىلىنغۇچى سۈپىتىدىكى اللهنىڭ بارلىقىنى ۋە ئىقرار قىلىشقا گۇۋاھ بولغۇچىلارنىڭ ھەقىقى بار ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ۋە ئېنىق ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەت.

شۇنىڭدەك، ئىسلام دىنى پەقەت ماددىي پەلسەپەنىلا قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ماددىي پەلسەپە خىيالىي پەلسەپىنىڭ ئەكسىچە ماددىي دۇنيانىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئۇنىڭ سىرتىدىكى ھەممە نەرسىنى ئىنكار قىلىدۇ، غەيبنىڭ ۋە اللهنىڭ بارلىقىنى تونۇمايدۇ.

ئىسلام دىنى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن پەلسەپە ۋە پىكىر تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ ماددىي دۇنيانىڭ بارلىقىنى تونۇش بىلەن بىرگە، ماددىي دۇنيانىڭ نېرىسىدىكى ئىلاھىي غەيبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىۋىي بايلىقلارنىمۇ ئۆزگە قېتىپ، ھەم ئوڭ ھەم سول نەزەرىيەسىنى ئورتاق بىر پەلسەپەدە توپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئورتاق پەلسەپەسى مۇتەپەككۇرلارنىڭ چىنلىققا تايانمىغان، خىيالى ئىجتىھادلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن ”لا ئىلاھە ئىللاللاھ“نى ھايات رەھبىرى ۋە پەلسەپىسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا سىز ماددا پەلسەپەسىگە ئېتىقاد قىلىدىغان تۇرۇپ ”لا ئىلاھە ئىللاللاھ“ دەپ قويسىڭىز، ئىككى خىل يالغانچىلىق قىلغان بولىسىز. بىرىنچى يالغان، سىز ئۆز پەلسەپىڭىزگە خىلاپ بىر نەرسىگە شاھادەت كەلتۈردىڭىز. ئىككىنچى يالغان: سىز بۇ شاھادەتكە ھاياتىڭىز بويىچە بىر تال قىچا مىقدارىچىلىكمۇ ئەمەل قىلمايسىز.

﴿ألم ... كهيعص... طسم... حم... ألر...﴾ دېگەن ھەپلەرنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن سىزدىن شۇنى سوراي، سىلەردىكى: ”ك x س = ت س“ نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟ بۇلار ھېساب، ماتېماتېكىدىن خەۋىرى بولمىغانلارغا نىسبەتەن مەنىسىز ۋە ئۇقۇمسىز بىر نېمىلەردىن ئىبارەت. لېكىن مەنىلىرىنى بىلگەنلەرگە نىسبەتەن بۇلار كۆپ نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ. سىز تىلغا ئالغان قۇرئان ھەرپلىرىمۇ مەنىلىرى يېشىلگەندە، بىزگە شۇنداق كۆپ نەرسىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

تونۇشۇم مەسخىرىلىك ھالدا: سىزگە بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىلىرى يېشىپ بېرىلمىدىمۇ؟ ـ دېدى.

مەن ئۇنىڭغا بومبا ئاتقاندەكلا مۇنداق دېدىم:

ــ بۇ ماۋزۇ بەكمۇ ئەجەبلىنەرلىك بولۇپ، سىزگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بۇ ماۋزۇ ھەققىدە بەس ــ مۇنازىرىگە كىرىشىپ كەتسەك، سىز ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز.

# ك، ھ ي، ع ۋە ص

مەن دىنىسىز تونۇشۇمغا مۇنداق دېدىم:

شەكسىزكى، سىز سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن بۇ ھەرپلەرنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىڭىزدە، ھاڭ ـ تاڭ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. سىز: حم... طسم... ألم... كهيعص... ق... ص ھەرپلىرىنى ئوقۇغىنىڭىزدا، نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟

ئۇ ئېرەنچىكلىك بىلەن تىلىنى چايناپ، گويا بىر نېمىلەردىن ئەچى سىقىلغاندەك:

ـ سىز نېمە دېمەكچى؟ نېمىنى مەقسەت قىلماقچى؟ بۇلار نېمە بولاتتى؟ بۇلار پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سىلەرنى مازاق قىلغان سۆزلىرى، ـ دېدى.

ـ بولدى، بولدى. سىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزنى مازاق قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بۇ ئۇقۇمسىز سۆزلەرنى بىر تەتقىق قىلىپ كۆرەيلى ۋە بۇ ئاددى سۆزلەرنى تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن مىسال بولۇشقا بىر سۈرىنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى. مەسىلەن، "قاف" سۈرىسىنى ئالايلى. بۇ سۈرىنىڭ ئىچىدە 57 "قاف" ھەرپى بار. ئاندىن شۇرا سۈرىسىنى مىسالغا ئالايلى، شۇرا سۈرىسى قاف سۈرىسىدىن بىر ھەسسە ئۇزۇن بولسىمۇ، باشلىنىش ئايىتى "قاف" ھەرپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ 57 "قاف" بار. 57گە 57نى قوشساق،

114 بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە 114 سۈرە بارلىقىنى بىلىسىز، بۇ ئادەتتە كۆرىلىدىغان بىر ئىشمۇ؟ قاف سۈرىسىنىڭ قانداق باشلاپ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ ئۇ: ﴿ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ﴾ ﴿قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾ بىلەن باشلاپ: ﴿فَذَكِّرْ بِالْقُرْآنِ مَن يَخَافُ وَعِيدِ﴾ ﴿مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلغىن﴾ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. “قاف”لارنىڭ سانى 114، قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىنىڭ سانى 114. بۇلار گويا ”قاف“ ھەرپىنىڭ قۇرئاننى ئىشارەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تونۇشۇم يەنە كۆڭۈلشىمىگەن ھالدا: بۇلار تاسادىپىي ئەھۋاللار، - دېدى.

مەن يەنە سالماقلىق بىلەن مۇنداق دېدىم: بىز تەجرىبىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممە سۈرىسىنى كومپيۇتېرغا سېلىپ، ھەممە سۈرىلەردىكى ”قاف“لارنى ساناپ كۆرەيلى، - دېدىم. ئۇ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك چۆچۈگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ: بىر كىم شۇنداق قىلىپتىمۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

— ھەئە، شۇنداق قىلىپتۇ، - دېدىم.

— نەتىجىسى قانداق بولۇپتۇ؟ - دەپ سورىدى.

كومپيۇتېر ”قاف“ ھەرپىنىڭ قاف سۈرىسىدە ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇمۇ تاسادىپىيلىقمۇ؟ ئىنساننى ھەيران قالدۇرىدىغىنى

شۇكى، رەئىد سۈرىسى ”ئەلىف، لام، مىم، را“ بىلەن باشلىنىدۇ، بۇ ھەرپلەرنىڭ سۈرىلەردىكى سانى كومپيۇتېردا مۇنداق كۆرۈنىدۇ:

”ئەلىف“ 625 قېتىم. ”لام“ 479 قېتىم. ”مىم“ 260 قېتىم. ”را“ 137 قېتىم. كۆرگىنىمىزدەك، ئەڭ باشتا كەلگەن ”ئەلىف“ ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئاخىردا كەلگەن ”را“ ھەرپى ئەڭ ئاز. ئۇنىڭدىن كېيىن، كومپيۇتېر بۇ ھەرپلەرنىڭ پۈتۈن قۇرئاندىكى سانىنى چىقىرىپ بېرىش بىلەن تېخىمۇ ھەيران قالارلىق بىر نەتىجىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. يەنى بۇ ھەرپلەرنىڭ رەئىد سۈرىسىدە ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇلارنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرپلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان ھەرپلەر ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ بەردى.

ئوخشاش ھەقىقەت بەقەرە سۈرىسىدىكى ”ئەلىف، لام، مىم“دا كۆرۈلىدۇ:

”ئەلىف“ 4593 قېتىم؛ ”لام“ 3204 قېتىم؛ ”مىم“ 2190 قېتىم كېلىدۇ. بۇ ھەرپلەرنىڭ سان تەرتىۋىمۇ رەئىد سۈرىسىدىكىگە ئوخشاش كۆپ بىلەن باشلىنىپ، ئاز بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. كومپيۇتېر يەنە بۇ ھەرپلەرنىڭ بەقەرە سۈرىسىدىكى ھەرپلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئالى ئىمران سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ”ئەلىف، لام، مىم“مۇ بەقەرە سۈرىسىگە ئوخشاش ”ئەلىف“ 2578 قېتىم؛ ”لام“ 1885 قېتىم؛ ”مىم“ 1251 قېتىم كېلىدۇ. ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ”ئەلىف،

لام، مىم‘‘مۇ ھەم شۇنداق بولۇپ، ’’ئەلىف‘‘ 784 قېتىم؛ ’’لام‘‘ 554 قېتىم؛ ’’مىم‘‘ 344 قېتىم كېلىدۇ. رۇم سۈرىسىدىمۇ ’’ئەلىف‘‘ 547 قېتىم؛ ’’لام‘‘ 396 قېتىم؛ ’’مىم‘‘ 318 قېتىم كەلگەن. ھەممە سۈرىدە بۇ ھەرپلەر كۆپتىن ئازغا، يەنى باشتا كەلگەن ھەرپ ئەڭ كۆپ، ئىككىنچىسى بىرىنچىسىدىن ئاز، ئۈچىنچىسى تېخىمۇ ئاز كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەرپلەر مۇشۇ سۈرىلەردىكى باشقا ھەرپلەرگە قارىغاندا ئەڭ كۆپ كەلگەن ھەرپلەردۇر.

’’ئەلىف، لام، مىم‘‘غا ئوخشىغان ھەرپلەر بىلەن باشلانغان ۋە مەككىدە نازىل قىلىنغان) مەككىي سۈرىلەرنىڭ سان ھېساۋى قالغان مەككىي سۈرىلەرنىڭ ھەرپ سانىدىن كۆپ بولىدۇ. ئوخشاش شەكىلدە بۇ ھەرپلەر مەدىنىي (مەدىنىدە نازىل بولغان) سۈرىلەرنىڭ بېشىغا كەلسە، سۈرىلەردىكى سانى قالغان مەدىنىي سۈرىلەردىكى سانلىرىدىن كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن، كومپيۇتېر ئەئراف سۈرىسىدىكى ’’ئەلىف، لام، مىم، ساد‘‘لارنىڭ شۇ سۈرىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان ھەرپلەر ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ بېرىدۇ. مەككىي سۈرىدىكى بۇ ھەرپلەرمۇ قالغان مەككىي سۈرىلەردىكى ’’ئەلىف، لام، مىم، ساد‘‘ ھەرپلىرىنىڭ سانىدىن كۆپ.

تاھا سۈرىسىدىكى ’’تا‘‘ ۋە ’’ھا‘‘ ھەرپلىرى باشقا مەككىي سۈرىلەردىمۇ بار، ئەمما تاھا سۈرىسىدە بۇ ئىككى ھەرپ قالغان سۈرىلەردىكى ’’تا‘‘ ۋە ’’ھا‘‘ ھەرپلىرىدىن كۆپ.

مەريەم سۈرىسىدىكى ’’كاف، ھا، يا، ئەين، ساد‘‘ ھەرپلىرى مۇشۇ سۈرىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ.

شۇنىڭدەك ’’ساد‘‘ ھەرپى بىلەن ئىككى سۈرە باشلىنىدۇ، پەيدىنپەي ۋەھى قىلىنغان بۇ ئىككى سۈرىدىكى ’’ساد‘‘لارنىڭ ئومۇمى سانىنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ قالغان ھەرپلىرىدىن كۆپ ئىكەنلىكى كۆرۈلىدۇ.

ئىبراھىم، يۇنۇس، ھۇد، يۇسۇف ۋە ھىجىر سۈرىلىرى ’’ئەلىف، لام، را‘‘ بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ سۈرىلەردىكى ’’ئەلىف، لام، را‘‘ ھەپلىرىنى توپلىساق، كومپيۇتېر بىزگە بۇ سۈرىلەردىكى ’’ئەلىف، لام ۋە را‘‘لارنىڭ باشقا مەككىي سۈرىلەردىكى ’’ئەلىف، لام، را‘‘لارنىڭ سانىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

لېكىن ’’ياسىن‘‘ سۈرىسىدە بۇنىڭ دەل ئەكسىنى كۆرىمىز، سۈرىنىڭ بېشىدىكى بۇ ئىككى ھەرپ ئەرەبچە ئېلىپبە تەرتىپىنىڭ ئەكسىچە (ئەڭ ئاخىرقى ھەرپ) ’’يا‘‘ باشتا، ’’سىن‘‘ ھەرپى ’’يا‘‘ ھەرپىدىن كېيىن كەلگەن بولۇپ، سۈرە ئىچىدە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ھەرپنىڭ مەنىلىك ئىپادىسى يەنىلا ئايان بولۇپ تۇرماقتا.

تونۇشۇم شۇك بولۇپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ:

’’مەن بۇلارنى سىزگە ئۆز ئىچىمدىن ئويدۇرۇپ دەۋاتمايمەن، بەلكى بۇلار ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق مىسىرلىق پروفېسسور ئالىم رشاد خەلىپەنىڭ

ئالاھىدە ئىنچىكىلەپ چىققان تەتقىقاتىدۇر. مانا بۇ كىتاب سىزگە بۇ ھەقىقەتلەرنى تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ" دەپ تونۇشۇمغا ئامېرىكىدا بېسىلغان:
«Miracel of the Quran Islamic Prodoction in St.Lois mo»
ناملىق ئىنگىلىزچە كىتابنى سۇندۇم.

تونۇشۇم لام ـ جىم دېمەي كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدى.

مەن ئۇنىڭغا: بىز تاسادىپىي مەيدانغا كېلىپ قالغان بىر مەسىلە ئالدىدا ئەمەس، بەلكى مۇقىم بېكىتىلگەن قانۇنلار، نازۇك ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلىنىپ قويۇلغان ھەرپلەر ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. ـ دېدىم ۋە شۇرا سۈرىسىدىن مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدىم:

﴿اللَّهُ الَّذِي أَنزَلَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ وَالْمِيزَانَ﴾ ﴿الله كىتاب (يەنى قۇرئان)نى ھەق بىلەن نازىل قىلدى ۋە تارازىنى (يەنى ئادالەت تارازىسى)نى نازىل قىلدى﴾[1].

بۇ قانداق تارازا؟ ئۇ شۇنداق تارازىدۇركى، ھەتتا بىر تال قىل ۋەياكى بىر تال ھەرپنىمۇ تارتىپ ئۆلچەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىر پەيغەمبەرنىڭ تېخى بىر كىتاب يۈزى كۆرمەي تۇرۇپ: «مەن بىر كىتاب يازىمەن، ئۇ كىتابتا رەئد سۈرىسى نامىدا بىر سۈرە تۈزۈپ چىقىمەن، ئۇ سۈرىنى "ئەلىف، لام، مىم، را" بىلەن باشلايمەن ۋە بۇ ھەرپلەرنى بۇ سۈرىدە كىتابنىڭ قالغان قىسىملىرىدا كەلتۈرگىنىمدىنمۇ كۆپ كەلتۈرىمەن» دەپ

[1] سۈرە شۇرا، 17 ـ ئايەت.

ئويلىغانلىقىنى گۇمان قىلىشىنىڭ تولىمۇ ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكى ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغلاردا مۇنداق ئىنچىكە ھېساب ئىشلەيدىغان كومپيۇتېر يوق ئىدى. ”ياق، بۇنى ئىنسانمۇ قىلالايدۇ“ دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋېلىشنىڭ كېرىكى يوق. چۈنكى شۇنداق قىلماقچى  بولسا، بىر سۈرىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇ سۈرە مۇئەييەن ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان بولۇشى ۋە ھەر بىر ھەرپنى ئۆزگە خاس يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چاغنىڭ ئىلمىي ھېسابى بويىچە بىر قانچە يىل سەرپ قىلىش كېرەك. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىنىڭ پەننىي ئىلمىدىنمۇ بىخەۋەر ئىدى. ئۇنداقتا، ئۇ يازماقچى بولغان كىتابىنىڭ ھەر بىر ھەرپىنىڭ قايسى ئورۇنغا كەلسە، ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى كىم ھېسابلاپ بېرىدۇ؟ بۇنى كومپيۇتېردىن باشقا بىر نېمىنىڭ قىلالىشى ئىمكانسىز تۇرسا؟ ئۇ كىتاب يازامدۇ ياكى بىرقانچە ھەرپ بىلەن مەشغۇل بولامدۇ؟ قايسى بىرىنى قىلالايدۇ؟ بىز بۇ يەردە ئىنساننىڭ قىلالىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئۈستىدە توختىلىۋاتىمىز. بىز قۇرئان كەرىمنىڭ 23 يىل ئىچىدە ئايرىم - ئايرىم ھەرپلەر ۋە جەملەنگەن ئايەتلەر ھالىتىدە نازىل بولغانلىقىنى ئويلىساق، ئۇنىڭ ھەرپلىرىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى ۋە ھەر بىر ھەرپىنىڭ ئۆزگە مۇناسىپ يەردىن ئورۇن ئېلىشى ھەققىدىكى ھېسابلارنى

بۇرۇندىنلا ھېسابلاپ چىقىشنىڭ يەنىلا ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. بۇنىڭدەك ھېسابلارنى كومپيۇتېردىمۇ تېز ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلىيالىدىغان كىشى قىلمىسا، باشقا بىر مەخلۇقنىڭ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ پەقەتلا ھەممىنى بىلگەن ۋە ھەر شەيئىنى ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىغان يېگانە ئاللاھ تائالانىڭ قولىدىن كېلىدۇ. سۈرىلەرنىڭ باشلىنىشىدىكى بۇ ئايرىم ھەرپلەر، الله تائالانىڭ قۇرئاندىكى ئىلمىلىرىگە بولغان ئىشارەتلەردۇر. بىز بۇ ئىلمىلەرنى زامان ئۆتكەنسېرى بىلىپ چىقىمىز. ﴿سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقّ﴾ ﴿ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، ئاسمان ـ زېمىن ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز﴾[1].

ھەرپلەرنىڭ سىر ۋە ھېكمەتلىرى مۇشۇلاردىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى بۇ بىر باشلانغۇچ. ھەرپلەرنىڭ سىرلىرى بىزنى نەلەرگە ئاپىرىدۇ؟ ئۇنى تېخىچە بىلىپ يەتكەن كىشى يوق. بۇ ھەرپلەر بۇ يېڭى ئىشارەتلىرى بىلەن ئىنسان تەربىيىدىن تۈزۈلۈشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ھەر بىر ھەرپ بىزنى ئىنچىكە ھېساب ۋە چوڭقۇر مەنىلەر ئالدىدا قويىدۇكى، ھېچكىم ئۆزىنى ھەرقانداق بىر ئاددى سۆز ئالدىدا

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 53 ـ ئايەت.

كۆرمەيدۇ. سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ھەرقانداق بىر ئاددى سۆز ئالدىدا ئەمەسلىكىڭىزنى كۆرمەيۋاتامسىز؟

تونۇشۇم جاۋاب بەرمىدى، ھېچنېمە دېمەيلا ئىنگىلىزچە كىتابنى ئۇيانىدىن بۇيانغا ۋاراقلاپ ئولتۇردى.

# مۆجىزە

تونۇشۇم مۇنداق دېدى:

ـــــ ســـــلەر پەرۋەردىگـــارىڭلارنى ”مەرھەمەتلىــــك، شـــەپقەتلىك، كۆيۈمچـــان، ئەپۇچـــان، كەچۈرگـــۈچى“ دەپ سۈپەتلەيســــلەر. شـــۇنداق مېھرىبـــان الله قانــــداقمۇ ئۆزىنىــڭ يېقىنــى بولغــان ئىبراھىمنــى ئــۆز ئــوغلىنى قۇربــان قىلىشــقا بۇيرىــدى؟ مەن بــۇنى چۈشــەنمەيمەن، بۇنىڭغــا مــاقۇللۇق بىلدۈرۈشــنىڭ ئەســلا مــۇمكىن ئەمەسلىكىدە ماڭا قوشۇلامسىز؟

ــ قىسســنىڭ بايانى ۋە يــۈز بەرگەن ھادىســلەر الله تائالانىـــڭ ئىبـــراھىم ئەلەيھىســـالامنىڭ ئـــوغلى ئىســـمائىل ئەلەيھىســـالامنى بوغۇزلىشـــنى ئىـــرادە قىلمىغانلىقىغــا دالالەت قىلىــدۇ. چــۈنكى ئىبــراھىم ئەلەيھىســـالام ئــوغلىنى بوغۇزلىمىــدى. الله تائالانىــڭ مــۇرادى ئىبــراھىم ئەلەيھىســالامنى ئوغلىغــا بولغــان ھەددىــدىن زىيــادە ئىشــقى - مــۇھەببىتىنى بوغــۇزلاپ تۈگىتىش ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەرنىــڭ قەلبــى اللهتىــن باشقا بىر نىمىگە باغلانماسلىقى لازىم. پەيغەمبەرنىــڭ قەلبــى مــال - دۇنيــا، شــان - شــۆھرەت، پەرزەنــت ۋە ســەلتەنەتكە باغلانماســلىقى كېــرەك. مەلۇمــدۇركى، ئىســمائىل ئەلەيھىســالام ئىبــراھىم ئەلەيھىســالام ھايات ۋاقتىدا دۇنياغا كەلگەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

كۆپ ھاياجانلانغان، ئۇنىڭغا ئىشقى ـ مۇھەببەت باغلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىمتىھان قىلىشى زۆرۈر ئىدى. قىسسىنىڭ بايانى بۇ تەپسىرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن خەنجىرىنى چىقارغاندا، الله ئۇنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا اللهنىڭ ئەمرى بىلەن پەيدا بولغان قوچقارنى ئوغلىنىڭ ئورنىغا بوغۇزلاشقا بۇيرىدى.

— ئىبراھىمنىڭ ئوتتىن كۆيمەي چىقىشى، مۇسانىڭ ھاسىسىنىڭ يىلان بولۇشى، ھاسىسى بىلەن دېڭىزنى ئىككىگە بۆلۈشى، قولىنى قولتۇقىغا كىرگۈزۈپ چىقارغىنىدا ئاپئاق بولۇپ چىقىشىدىكى ھادىسىلەرگە نېمە دەپ قارايسىز؟ بۇلار سېرىك مەيداندا ئوينالغان سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىغا ئوخشىمامدۇ؟ الله ئۆزىنىڭ كامالى ـ قۇدرىتى ۋە كاتتىلىقىغا بۇنىڭدەك ئەقىلگە سىغمايدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى سېرىك ۋە سېھىرگەرلىك ئويۇنلار بىلەن دەلىل كەلتۈرەمدۇ؟ اللهنىڭ كاتتىلىقىغا ئەقىل، نىزام ۋە بىر خىل رېتىمدا ئىجرا بولۇۋاتقان كائىنات قانۇنىيىتىنىڭ دەلىل ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەسمۇ؟

ـ سىز مۆجىزىنى خاتا چۈشىنىپسىز، خاتا تەسەۋۋۇر قىلىپسىز. سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى مۆجىزە ھايات قانۇنى ۋە ئەقىلگە سىغمىغان سېھىرگەرلىك ئىشلىرىدىن ئىبارەت. لېكىن ھەقىقەت سىز تەسەۋۋۇر

قىلغىنىڭىزدەك ئەمەس. مەسىلىنى زېھنىڭىزگە مىسال بىلەن يېقىنلاشتۇراي: سىزگە ئۈچ مىڭ يىل كېيىنكىگە قايتىش تەقدىر قىلىنسا، سىز شۇ ئىپتىدائىي زاماندىكى مىسىر پادىشاھى پىرئەۋننىڭ يېنىغا سەرەڭگە قېپى چوڭلۇقىدىكى ئۈنئالغۇ بىلەن كىرسىڭىز، ئۈنئالغۇ تۇرغان يىرىدىلا سۆزلىسە ياكى ناخشا ئېيتسا، سىزچە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ھاشىيەلىرىنىڭ ھالى نېمە بولاتتى؟ ئەلۋەتتە، ئۇلار: ”بۇ بىر سېھىر ئويۇنى، ھايات قانۇنىيىتىدە بولمىغان بىر نېمە“ دېگەن بولاتتى. ھالبۇكى، ئۈنئالغۇنىڭ ئىچىدىكىسى سېھرىي ئويۇن ئەمەس، بەلكى فىزىكا ئىلمىنىڭ قانۇنلىرى ۋە سىزنىقى بويىچە ئىجرا بولىدىغان، ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىش.

ئەگەر سىز بابىل پادىشاھىنىڭ يېنىغا تېلېۋىزور ئېلىپ كىرىپ، رۇم شەھرىنىڭ مەنزىرىلىرىنى كۆرسەتكەن بولسىڭىز، تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش بولغان بولاتتى. ئاشۇر مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىغا پىلاستىنكىنى ئايلاندۇرۇپ سۆزلەتكەن بولسىڭىز، ئۇ سىزگە چاۋاك چالغان بولاتتى.

تارىخ بىزگە شۇنىڭغا ئوخشىغان قىسسەلەرنى خاتىرىلەپ قالدۇرغانكى، ئافرىقىنى ئىشغال قىلغۇچىلار ئىپتىدائىي ھاياتتا ياشايدىغان ئافرىقىلىقلارنىڭ يېنىغا تۇنجى قېتىم ئايروپىلان ھەيدەپ بارغىنىدا، يالىڭاچ نېگىرلار: ”الله ئاسماندىن چۈشتى“ دەپ ئايروپىلانغا سەجدە قىلىپ، نەغمە ـ ناۋالارنى چېلىپ،

مال قۇربانلىق قىلغانىدى. چۈنكى ئۇلار ئايرۇپىلاننىڭ يەرگە چۈشۈشىنى دۇنيا قانۇنىيىتى چەكلىمىسىدىن تاشقىرى بىر ئىش دەپ قارىغان ئىدى. بىز ھازىر ئايرۇپىلان بىر قانۇن بىلەن ئۇچىدۇ، بىر قانۇن بىلەن چۈشىدۇ، ئۇ ئالاھىدە پىلانلانغان ئىنژىنېرلىق قانۇنىغا بىنائەن ياسالغان، ئۇنىڭ ئاسماندا ئۇچۇشى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىش دەپ قارايمىز. ئايرۇپىلان يەرنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىدىن باشقا بىر قانۇننىڭ ئۈستۈن كېلىشى بىلەن زېمىندىن ئۆرلەپ ئۇچىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىز قانۇنلار چەكلىمىسىدىن چىقىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى قانۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈنلۈكى ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. سۇ يەرنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىغا خىلاپ ھالدا يۇقىرىغا ئۆرلىسىمۇ، بۇ قانۇننىڭ چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، بەلكى بۇ قانۇندىن ئۈستۈن كەلگەن فىزىئولوگىيىلىك قانۇنغا ئاساسەن يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ.

بىز ھەر زامان ئەقىلدىن چىقىپ كەتمەيمىز ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقتىن چەتنەپ كەتمەيمىز. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ۋەقەلەر قانۇندىن تاشقىرى سىرلىك ئويۇنلىرى ئەمەس. ئىپتىدائى ھاياتتا ياشاۋاتقان نېگىرلار بۇ قانۇنلارنى بىلمىگەنلىكى ۋە نادان قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، باشقىلار ھەيدەپ كەلگەن ئايرۇپىلاننى خۇدا سانايدىغان دەرىجىدە ھەيران بولۇشقان ئىدى. سىزمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دېڭىزنى ئىككىگە بۆلۈشى، ھاسىسىنى يىلانغا ئايلاندۇرۇشى،

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتىن ساق چىقىشى ۋەقەلىرى ئالدىدا ھەيران بولۇۋاتىسىز. ھالبۇكى، بۇلار پۈتۈن قانۇنلاردىن ئۈستۈن ئىلاھىي مەشئەت بىلەن جارى بولىدىغان مۆجىزىلەردۇر. سىز بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، قانۇن چەكلىمىسىدىن تاشقىرى سىرلىك ئويۇنلىرى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىدىگىز. الله تائالا بۇ مۆجىزىلەر بىلەن قانۇن سىستېمىلىرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، بەلكى بىزلەرگە ھەممە قانۇن ۋە نىزاملاردىن ئۈستۈن، بىز ئىنسانلارنىڭ كىچىككىنە ئەقلىدىن كاتتا بىر مەشئەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلدۈرىدۇ. باھائىيە پىرقىسىمۇ سىزگە ئوخشاشلا خاتالاشتى، ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاش مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى، بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلدى، قۇرئان كەرىمگە ھىيلە ئىشلىتىپ، كەسكىن، ئوچۇق ئىپادىلىرىنى باشقا مەنىلەرگە ئۆزگەرتىپ: "مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىدىغان شەرىئەت ئىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن دېڭىزنى ئىككىگە ئايرىمىغان، ھەقنى باتىلدىن ئايرىغان، قولىنىڭ ئاق بولۇشى ياخشىلىقنىڭ نىشانى ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈك بەدەنلەرنى تىرىلدۈرمىگەن، بەلكى نەپسلەرنى تىرىلدۈرگەن، كورلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىنى ئاچقان" دەپ داۋا قىلدى. شۇنداقلا ئۇلار قۇرئان كەرىمدە ئۆزلىرىنىڭ

ئەقىلگە ماس كەلمەيدىغان ھەر قانداق مەسىلە ئۇچراتسا، دەرھال ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇن ھالغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئۇلار مۆجىزىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ”مۆجىزىلەر ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس، قانۇندىن چەتنىگەن نىزام ۋە سىستېمىنى بىتچىت قىلىدىغان ئىشلار“ دەپ قاراپ ئېزىپ كەتكەن ئىدى. سىزمۇ مۇشۇلارغا ئوخشاشلا خاتالىشىۋاتىسىز. ھەقىقەت شۇكى، بىز ھازىر مۆجىزىلەردىن ئەجەپلەنمەيدىغان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. بىز ئىلىمنىڭ قولىمىزدىن تۇتۇپ ئاي ئۈستىگە ئېلىپ چىققىنىنى كۆردۇق، ئىنسان ئىلمى مۇشۇ سەلتەنەتنىڭ ھەممىنى بىزگە بەرگەن بولسا، الله بولغان ئىلمىنىڭ بىزنى تېخىمۇ كاتتا سەلتەنەتكە ئېرىشتۈرۈشى شەكسىز.

سىز مانا بۇ گۈزەل ئايەتنى ئاڭلاڭ: ﴿يَا مَعْشَرَ الْجِنِّ وَالْإِنسِ إِنِ اسْتَطَعْتُمْ أَن تَنفُذُوا مِنْ أَقْطَارِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ فَانفُذُوا لَا تَنفُذُونَ إِلَّا بِسُلْطَانٍ﴾ ﴿ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر (اللهنىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر (لېكىن سىلەرگە مۇنداق قۇۋۋەت قەيەردىن كەلسۇن)﴾[1].

---

[1] سۈرە راھمان، 33 ـ ئايەت.

ئـــايەتتە تىلغــا ئېلىنغـــا كـــۈچ ـ قـــۇۋۋەت ئىنســـان ئىلمىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىدۇر. اللهنىڭ كـۈچ- قـۇۋۋىتى ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن ئۈستۈن.

# دىنىنىڭ مەنىسى

تونۇشۇم مۇنداق دېدى:

ــ ماڭا قۇلاق سېلىڭ! سىلەر ئېتىقاد قىلغاندەك جەننەت ھەقىقەتەن بار بولسا، ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ مەن كىرىمەن، چۈنكى مەن سىلەرنىڭ تەسبىھ كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ساقاللىق دەۋەتچىلىرىڭلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن بەكرەك دىيانەتلىكمەن.

ــ بەكرەك دىيانەتلىك دېدىڭىزمۇ؟! سىز نېمە دېمەكچى؟ نېمىنى مەقسەت قىلىۋاتىسىز؟

ــ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مەن بىراۋغا ئەزىيەت قىلمايمەن، ئوغرىلىق قىلمايمەن، ھەسەت قىلمايمەن، ئادەم ئۆلتۈرمەيمەن، پارىخورلۇق قىلمايمەن، ئىچى تارلىق قىلمايمەن، بىراۋغا ئاداۋەت ساقلىمايمەن، پەقەت ياخشىلىقنى نىيەت قىلىمەن، ئامىمىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتىمەن، ۋىجدان بىلەن ئۇخلاپ ۋىجدان بىلەن ئويغىنىمەن. ھاياتىمنىڭ شوئارى كۈچۈم يەتكىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتۇر. بۇ دىن ئەمەسمۇ؟ سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلاردا دىن مۇئامىلىدىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟

ــ بۇنىڭ ئىسمى باشقا، بۇنىڭ ئىسمى: ئەخلاقلىق بولۇش. ئەخلاقلىق بولۇش دىنىنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى، دىنىنىڭ ئۆزى ئەمەس. سىز دىن بىلەن دىنىنىڭ

تەلەپلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپسىز. دىنىنىڭ پەقەت بىرلا مەنىسى بار، ئۇ بولسىمۇ: اللهنى تونۇش. سىز ئىلاھىڭىزنى ھەقىقىي تونۇشىڭىز كېرەك، سىز بىلەن ئىلاھىڭىز ئارىسىدا مۇئامىلە بولۇشى لازىم، سىز ئىلاھىڭىزنى كاتتا، ئۇلۇغ، بەندىسىگە يېقىن، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلغۇچى، ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا خۇددى قۇل خوجايىنىدىن قورققاندەكلا قورقۇپ سەجدە قىلىشىڭىز، رۇكۇ قىلىشىڭىز، دۇئا قىلىشىڭىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا، سىز بىلەن ئىلاھىڭىز ئارىسىدىكى مۇئامىلىنى ئەمىلىيلەشتۈرگەن بولىسىز. قېرىنداشلىرىڭىزغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش دىنىنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ياخشى مۇئامىلە الله ئۈچۈن بولغان بولسىمۇ، دىنىنىڭ ھەممىسى ھېسابلانمايدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «سەدىقە تىلىگۈچىنىڭ قولىغا چۈشۈشتىن بۇرۇن اللهنىڭ قولىغا چۈشىدۇ».

اللهنى ياخشى كۆرگەن كىشى اللهنىڭ مەخلۇقاتىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىدۇ. سىزنىڭ مۇئامىلىڭىز پەقەت ئىنسانلار بىلەن تاماملىنىدۇ، ئۇلاردىن باشقىنى تونۇمايسىز، دۇنيادىن باشقىغا نەزەر سالمايسىز، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ سىز يەنىلا كاپىر. ئەخلاقىڭىزنىڭ ياخشىلىقى، ھوشيار ـ زېرەكلىكىڭىز، ئۆتكۈر سىياسەتچىلىكىڭىز ۋە دانىشمەن ئىكەنلىكىڭىزگە دالالەت قىلىدۇ، لېكىن

دىندارلىقىڭىزغا دالالەت قىلمايدۇ. سىز هاياتىڭىزنى غەلىبىلىك ياشاش ئۈچۈن ئىنسانلارنى ئۆزىڭىزگە جەلب قىلىسىز، ئەخلاقىڭىزنىڭ ياخشى بولۇشى دۇنيا كەسپى ئۈچۈن بىرىلگەن پىداكارلىق، خالاس. بۇ، سىزگە ئوخشاش كاپىرلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەبىئىتى.

— ئىشىنەمسىز؟ مەن بەزەن ئىچىمدە نورمالدىن تاشقىرى بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى هېس قىلىمەن.

- كۈچمۇ؟!

— هەئە. مەن دۇنيانىڭ ئارقىسىدا سىرلىق - مەجهۇل بىر كۈچ باردەك هېس قىلىمەن، مەن بۇ كۈچنىڭ بارلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلىمەن.

— سىز بۇ كۈچنى قانداقراق تەسەۋۋۇر قىلىسىز؟ ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان، ئەقىل يۈرگۈزىدىغان، كائىناتنى پەرۋىش قىلىدىغان، توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان، ياخشىلىقنى ۋەدە قىلىدىغان، كىتابلارنى نازىل قىلىدىغان، پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىدىغان، دات - پەرياتلارنى قوبۇل قىلىدىغان كۈچ دەپ تەسەۋۋۇر قىلامسىز؟

— ئوچۇق ئېيتسام، مەن بۇ گەپكە ئىشەنمەيمەن، تەسەۋۋۇرمۇ قىلمايمەن، تېخىمۇ زىيادىسى مەن بۇنى كاتتا كۈچكە لايىق بولمىغان ئاددى بىر نېمە دەپ قارايمەن.

— ئۇنداقتا ئۇ يارىتىش كۈچى بولمىغان دۇنيانى قارىغۇلارچە، قالايمىقان دەۋر قىلدۇرىدىغان بىر كۈچمۇ؟ سىز تەسەۋۋۇر قىلغان بۇ كۈچكە ھەقىقەتەن بۇ سۈپەت

ئۇيغۇن. ئىلاھىڭىزنى نىمىدىگەن قەبىھ بىر سۈپەت بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىدىڭىز - ھە؟! ئۇ سىزنىڭ كۆزىڭىزنى ياراتتى، ئەمما سىز ئۇنى قارىغۇ تەسەۋۋۇر قىلدىڭىز. ئۇ سىزگە ئەقىلنى بەردى، ئەمما سىز ئۇنى قالاق ئىش قىلىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىڭىز. سىز ئەخلاقتا ياخشى بولسىڭىزمۇ يەنىلا كاپىر. سىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭىز ھېساب كۆنى ئىشقا يارىمايدۇ. ئۇ ئەمەللىرىڭىز چاڭ ـ توزاندەك غايىپ بولۇپ كېتىدۇ.

## بۇ زۇلۇم ئەمەسمۇ؟

— دەل ئەكسىچە بۇ ئادالەتنىڭ ئۆزى. سىز ئۇ ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىڭىزدىن چىقىرىپ قىلغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلدىڭىز، سىزنى بۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا باشلىغان ھىدايەت ئىگىسىنى تونۇماي ئۆز ئىلاھىڭىزغا زۇلۇم قىلدىڭىز. ئۇنىڭ پەزلىنى ئىنكار قىلدىڭىز. مۇئمىننىڭ ياخشى ئەمەللىرى بىلەن كاپىرنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئارىسىدىكى پەرق مانا مۇشۇ. كاپىر بىلەن مۇئمىن ئوخشاش  بىر ئىشنى قىلسا، كاپىر: ”بۇ ئىشنى مەن ئۆزەم ۋە ئۆزەمنىڭ ئىقتىدارى بىلەن قىلدىم“ دەيدۇ. ئەمما مۇئمىن ئادەم: ”مەن بۇ ئىشنى پەرۋەردىگارىمنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن قىلدىم، مەن پەرۋەردىگارىم بىلەن بەندىلىرى ئارىسىدىكى بىر ۋاستە ئىدىم“ دەيدۇ. مەسىلەن، بىر كاپىر دوختۇرخانا سالسا: ”بۇنى مەن ئۆزەم ۋە ئۆزەمنىڭ ئىقتىدارى بىلەن سالدىم“ دەيدۇ، ئەمما مۇئمىن: ”بۇ دوختۇرخانىنىڭ سېلىنىشىغا الله مېنى مۇۋەپپەق قىلدى، مەن پەقەت پەرۋەردىگارىم بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىر ۋاستە ئىدىم، مېنى مۇۋەپپەق قىلغان اللهقا شۇكۇر“ دەيدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ - ھە؟! بىرى پەزىلەتنى پەزىلەت ئىگىسىگە ئىسناد

قىلىدۇ، ئۆزىگە پەقەت ۋاستە بولۇش پەزىلىتىنى ئىسناد قىلىپلا قالماستىن، بەلكى: ''ئى الله! مېنى بۇ ئىشنىڭ تاماملىنىشىغا مۇۋەپپەق قىلغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمەن'' دەيدۇ. يەنە بىرى پەزىلەتنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىسناد قىلىپ: ''ھەممىنى مەن قىلدىم'' دەپ داۋراڭ سالىدۇ. چوڭچىلىق بىلەن كەمتەرلىك، يوغانچىلىق بىلەن كىچىك پېئىللىق، جاھىللىق بىلەن مۇلايىملىق ئارىسىدا بەكمۇ چوڭ پەرق بار. شۇڭا سىلەر بۇتپەرەست دىيانەتچىلار ۋە كۆرۈنمەيدىغان ماگىنت كۈچىگە مىلەنگەن ئېتىقادچىلار بىلەن ناماز ئوقۇمايسىلەر، سەجدە قىلمايسىلەر.

— بىز نېمە ئۈچۈن ناماز ئوقۇيمىز؟ نېمىگە ناماز ئوقۇيمىز؟ سىلەرنىڭ نامىزىڭلاردىن ھېچبىر ھېكمەت كۆرمىدىم. نېمىگە بۇنچىۋالا كۆپ ھەرىكەت قىلىسىلەر؟ خۇشۇ قىلىش يېتەرلىك ئەمەسمىدى؟!

— نامازنىڭ ھېكمىتى شۇكى، سىز بېشىڭىزنى سەجدىگە قويۇپ، پېشانىڭىزنى توپىغا بېسىپ، تىلىڭىز ۋە دىلىڭىز بىلەن: ''ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان پەرۋەردىگارىم جىمى كەمچىلىكتىن پاكتۇر'' دېگىنىڭىزدە، سىزنىڭ ھازىرقى ساختا چوڭچىلىقىڭىزنىڭ خانىۋەيران بولغانلىقى كۆرىسىز. سىزنىڭ تەۋەن، پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، ئۆزىڭىزنىڭ ئەسلىدە تۇپراق بولۇپ، يەنىلا تۇپراققا قايتىدىغانلىقىڭىزنى ۋە يەتتە ئاسمان

ئۇستىدىكى پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ ھەممە نۇقساندىن پاك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىسىز.

ئەمدى سىزنىڭ: ''نامازدا نېمىگە بۇنچىۋالا ھەرىكەت قىلىنىدۇ؟ دىلىمىزدا خۇشۇ قىلىپ كەمتەرلىكىمىزنى ئىزھار قىلساق يېتەرلىك ئەمەسمىدى؟'' دېگەن سوئالىڭىزغا كەلسەك، مەنمۇ نۆۋىتىم بىلەن شۇنى سوراي: سىزنىڭ بەدىنىڭىز ئەسلىدە نېمە ئۈچۈن يارىتىلدى؟ بىراۋنى ئېغىزىڭىزدىلا ياخشى كۆرسىڭىز، يېتەرلىك ئەمەسمىدى؟ نېمىگە ئاساسەن سىز ياخشى كۆرگەن كىشىنى قۇچاقلاش ۋە سۆيۈشكە تەشنا بولىسىز؟ ئېغىزىڭىزدا ساخاۋەت قىلىپ قويسىڭىز بولماسمىدى؟ نېمىگە ئىنسانلارغا پۇت ـ قولىڭىز ۋە مال ـ مۈلكىڭىز بىلەن ساخاۋەت قىلىسىز؟ الله سىزگە بەدەننى يارىتىپ بەردى، ئەگەر سىز دىلدا قىلغان خۇشۇدا راستچىل بولسىڭىز، ئۇ خۇشۇ بەدەنگە تەسىر قىلىدۇ ـ دە، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىدىغان بولىسىز. ئەمما سىزدىكى خۇشۇ يالغان بولسا، ئېغىزدا ئېيتىپ قويۇشنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيدۇ.

— سىز ھەقىقەتەن ئۆزىڭىزنى جەننەتكە كىرىمەن دەپ ئېتىقاد قىلامسىز؟

— بىز ھەممىمىز دوزاخقا كىرىمىز، ئاندىن الله ھەقىقى تەقۋادارلارنى دوزاختىن قۇتقۇزىدۇ، سىز اللهتىن قورقامسىز ياكى قورقمامسىز، بۇنى مەن بىلمەيمەن، بۇنى پەقەت الله بىلىدۇ. ئەپسۇسكى، مېنىڭ

ئەمەللىرىمىنىڭ ھەممىسى قەغەز ئۈستىدىكى رەڭدىن ئىبارەت. قىلغان ئىش توغرا بولسىمۇ، نىيەت توغرا بولماسلىقى مۇمكىن. نىيەت توغرا بولۇپ، ئەمەلىيەت توغرا بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. بەلكى بىزلەردىن بىرى الله ئۈچۈن ئەمەل قىلدىم دەپ ئەمەلىيەتتە مال ـ دۇنيا، نام ـ شۆھرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىشى مۇمكىن. الله تائالادىن نىيىتىمىز بىلەن ئەمەلىمىزنىڭ بىردەك توغرا بولۇشىنى تىلەيمىز.

## ئىنسان سەممىيىتىدە راستچىل بولالامدۇ؟

— ئۇ ئۆزلىكىدىنلا ئىخلاسمەن بولالمايدۇ، پەقەت اللهنىڭ يېتەكچىلىكىدە خالىس بولالايدۇ. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىمدە مۇخلىسلار ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە: ”ئىخلاس قىلىنغۇچىلار“ دېگەن ئىبارە كېلىدۇ. ”ئىخلاس قىلغۇچىلار“ دېگەن ئىبارە ئاز ساندا تېپىلىدۇ. لېكىن الله تەۋبە قىلىپ ئۆزىگە قايتقۇچىلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. سىز اللهقا قايتىڭ، قالغىنى اللهقا خاس.

## بىز دۇنيا سائادىتىگە ئېرىشتۇق، سىلەر خىياللارغا ئېرىشتىڭلار

تونۇشۇم گويا بىر ئىشتا غەلىبە قىلغان كىشىدەك تەبەسسۇم قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— بىز شۇنچە كۆپ ئىختىلاپلىشىپ، بەس ـ مۇنازىرىمىز بۇنچە ئۇزىراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا بىز قازانغان بولدۇق. چۈنكى بىز دۇنيا سائادىتىگە ئېرىشتۇق، سىلەر بولساڭلار كاللاڭلاردىكى بىر قانچە خىيال بىلەن قالدىڭلار. بەس ـ مۇنازىرە قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ بىز دۇنيادىن يولۇۋاسنىڭ ھېسسىسىنى ئالدۇق. بىزلەرگە كېچىلىرى تاماشا

قىلىپ، ئەيش ـ ئىشرەت قىلىش، گۈزەل ئاياللار، سانسىز نېمەتلەر بار. سىلەرگە بولسا، ناماز، روزا، زىكىر ـ تەسبىھ، تەھلىل ۋە ئاخىرەت ھېسابىدىن قورقۇش بار. كىم پايدا تاپتى؟

ـــ سىلەرنىڭ قازانغىنىڭلار بەخت ـ سائادەت بولىدىغان بولسا، شۇنداق بولسۇن. لېكىن سىلەر سۆيەتتىلگەن كېچە تاماشىلىرى، ئەيش ـ ئىشرەت، نازىنىن ئاياللار، سانسىز نېمەتلەر ۋە ھارامدىن تارتىنمىغان لەززەتلەر ئۈستىدە ئازغىنە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بەخت ـ سائادەت ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي بەختسىزلىك ۋە ۋەيرانچىلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتۇق.

# بەختسىزلىكمۇ، قانداق بەختسىزلىك؟

ـ چۈنكى ئۇ ئەمەلىيەتتە تويمايدىغان ھايۋانى نەپس ۋە ھەۋەسلەرگە ئىبادەت قىلىشتۇر. ھەتتا سىز ئۇنى تويغۇزغان تەقدىردە ئۇنى سىقىلىش، زېرىكىش ۋە مالاللىق باسىدۇ. ئايال كىشىنىڭ قوينى دائىمى سائادەت ئورنى بولالامدۇ؟ قەلبلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر ئىزچىل ھالدا بىر خىل تۇرمايدۇ. بىز ھېكايىلەردە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ لەززەتسىز ھايات ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى، ناۋادا ئىككىسى تېپىشىپ توي قىلغانلىرىدا، بۇ زېرىكىشلىك ھاياتنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقى، بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشقى ـ مۇھەببەت ئوتىنىڭ ئۆچىدىغانلىقى، ھەتتا بىر ـ بىرىدىن نەپرەتلىنىدىغان ھالغا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئوقۇيمىز. چۈنكى ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى كۆرمەي تۇرۇپ، مەشۇقىنى خۇددى نۇقسانسىز خالى مەبۇدتەك خىيال قىلىدۇ. ئىستەك ـ ئارزۇلىرى ۋە شەھۋىتىگە قېنىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى لوپا ئەينەك بىلەن كۆرۈشكە باشلايدۇ. نورماللىقتىن ھالقىپ كەتكەن بايلىقمۇ بىر ئۇبۇدىيەت. چۈنكى ئۇ باي ھاياتىنى نورمال ياشىيالمايدۇ، كېچىلىرى كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيدۇ، كۈندۈزلىرى ئارام

تاپماي پۇل ـ مال يىغىش، بارىنى كۆپەيتىش ۋە ساقلاش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇ ئۆز مىلىنىڭ بەدەلىسىز، ئىختىيارىي خىزمەتكارى بولۇپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالىدۇ. شان ـ شۆھرەت، يۈز-ئابروي ئىنسانىنى چوڭچىلىق، زومىگەرلىك ۋە كىبىرلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ”سۇلتانغا ھەمراھ بولۇش، يولۋاسقا ھەمراھ بولۇش“ دەيدىغان تەمسىل بىكارغا ئېيتىلمىغان. چۈنكى يولۋاس ھەمراھىنى بىر كۈن ھەمراھ قىلسا، ئەتىسى ئۇنى ئۆزىگە يەم قىلىدۇ. كۆزلەردىن يىراق ۋە ھارام قورقۇسىدىن ئۇزاق جايلاردا ھاراق ئىچىش، مەست بولۇش، ئاق تاماكا چېكىش، قىمار ئويناش، ناشايان ئىشلارنى قىلىپ جىنسىي ھەۋەسكە چۆمۈلۈش سائادەت بولامدۇ؟ ئۇ سائادەت ئەمەس، بەلكى ۋىجداندىن، ئەقىلدىن، روھىي مەنىۋىيەتتىن ۋە ئىنسانى مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ۋە يوشۇرۇنۇش؛ مايمۇنلارنىڭ ھاياتىغا تەرەققىي قىلىش ياكى ھايۋانلاردەك بىر ـ بىرىگە ئارتىلىپ، رەسۋالارچە جۈپلىشىشتىن ئىبارەت. قۇرئان كەرىم كاپىرلارنى مۇنۇ ئايىتىدە ھەقىقەتەن توغرا سۈپەتلىگەن: ﴿يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ﴾ ﴿ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ھايۋانلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾[1].

[1] سۈرە مۇھەممەد، 12 ـ ئايەت.

قۇرئان كەرىم ئۆلارنىڭ دۇنيا لەززىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمىدى، لېكىن ئۆلارنىڭ دۇنيا نېمەتلىرىدىن ھايۋانلاردەكلا لەززەتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بەخت ـ سائادەت بۇمۇ؟ شەھۋەت ھاياتى ئىنسانىنى ھەقىقىي سائادەتكە يەتكۈزمەيدۇ، ھەددىدىن ئاشقان شەھۋەت جىنسىي ئارزۇسىزلىق، ئەنسىزلىك، تۇگىمەس ئاچلىق، سېمىزلىك ۋە ھەزىمسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەقىقىي سائادەت خاتىرجەملىك، نەپسىنىڭ ئارام تېپىشى ۋە ئىنسان روھىنىڭ جىمى مەبۇدلاردىن ئازاد بولۇشى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ نىھايى تەرىپى (ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزى، ئۆزى بىلەن باشقا ئىنسانلار ئارىسىدا ۋە ئۆزى بىلەن الله ئارىسىدا سۈلھى ۋە تىنچلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى ۋە داۋاملاشتۇرۇش ھالىتى)دۇر . بۇ پەقەت ئىنسان كۈچىنى، مېلىنى، ساقلىقىنى باشقىلارنىڭ خىزمىتىگە تەقدىم قىلىشى، ھاياتىنى نىيىتى ۋە ئەمەلىيىتىدە توغرا ياشىشى، ئۆزى بىلەن الله ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ناماز، خۇشۇ بىلەن كۈچلەندۈرۈشى، ئاندىن الله ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك سېلىشى ۋە ئەقلىنى نۇر بىلەن يورۇتىشى بىلەن ھەقىقەتلىشىدۇ. مانا بۇ سائادەت دىنىنىڭ ئۆزىدۇر. كۈلاھ ـ جەندىلىك سوپى: ”مانا بىز ھەقىقىي لەززەتنى تېتىغۇچىلارمىز. ناۋادا پادىشاھلار بىزدىكى لەززەتنى بىلسە ئىدى، چوقۇم بىزگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان بولاتتى“ دېمىدىمۇ؟ ئەشۇ لەززەتنى

تونىغان، اللەقا باغلىنىپ، ئۆز نەپسى بىلەن سۈلھى قىلىش لەززىتىنى بىلگەنلەر، يىرتىق كىيىملىك سوپىنىڭ سۆزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ــ سىز بىر قانچە يىل ئىلگىرى بىزگە ئوخشاش مەست بولاتتىڭىز، بىز ئويۇنغاندەك ئويناتتىڭىز، بىز خۇشال بولغان بۇ ھايۋانى سائادەتتىن خۇشال بولاتتىڭىز، «اللە ۋە ئىنسان» دېگەن كىتابىڭىزدا كاپىرلىقنىڭ ئۆزىنى يازاتتىڭىز، دىنىدىن تانغۇچىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالاتتىڭىز، ئەمدى سىزگە نېمە بولدى؟ سىزنى نېمە ئۆزگەرتىۋەتتى؟

ـ ئۆزگەرتىدىغان ۋە لېكىن ئۆزى ئۆزگەرمەيدىغان اللە ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر.

ـ بىلىمەن، سىزنىڭ: ”ھەممە نەرسە اللەنىڭ پەزلى بىلەن بولىدۇ“ دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، لېكىن بۇ ئۆزگىرىشتە سىزنىڭ رولىڭىز نېمە ئىدى؟ سىز نېمىلەرنى قىلغان ئىدىڭىز؟

ـ مەن ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم، ئەتراپىمدا ئۆلۈم ۋە تۇپراققا ئايلىنىشتەك كۆلكىلىك ۋە مەنتىقىگە سالغىلى بولمايدىغان، بىھۇدە ئىشلارنى كۆردۈم، ئەتراپىمدىكى ئالەمنىڭ ناھايىتى نەپىس ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن قۇراشتۇرۇلغان، بىھۇدىلىككە ئورۇن قالمىغان شەكىلدە ئالىي دەرىجىلىك سىستېما بىلەن بىنا قىلىنغانلىقىنى كۆردۈم. مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئاخىرى بىھۇدىزمچىلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بىھۇدىلىك ۋە يوقلۇقتىن ئىبارەت بولسا،

مەن نېمە ئۈچۈن يىغلايمەن؟ نېمە ئۈچۈن مەندە پۇشايمانلىق تۇيغۇسى بار؟ نېمە ئۈچۈن ھەق، ئادالەت ئۈچۈن ئىشىق باغلاپ يۈرىمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئېسىل ئەخلاقلار ئۈچۈن قېنىم ۋە ھاياتىمنى پىدا قىلىمەن؟

مەن يۇلتۇزلارنىڭ ئۆز پەلەكلىرىدە مۇنتىزىم ۋە رەتلىك ھالدا ئايلانغانلىقىنى، ھاشارەتلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى، ئوت - گىياھ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ كۆرىدىغانلىقى، ئىشىتىدىغانلىقى، ھېس قىلىدىغانلىقىنى، ھايۋانلارنىڭمۇ ئەخلاقى بارلىقىنى، ئىنسان مېڭىسىدىكى ئاجايىباتلارنى كۆردۈم. ئىنساننىڭ مېڭىسى ئون تىرىليون ھۈجەيرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ ھۈجەيرىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا مۆجىزىۋى شەكىلدە بىردەك ئىشلەيدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قايسى بىرى بۇزۇلسا، ئىنسان پالەچ، قارىغۇ، گاچا، ساراڭ بولىدىكەن. لېكىن بۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى كەم يۈز بېرىدىكەن. مۇشۇنداق ئاجايىباتقا تولغان بۇ ئورگاننىڭ سالامەتلىكىنى كىم ساقلايدۇ؟ بۇ اللەدىلىكلەرنى ئۇنىڭغا كىم بېرىدۇ؟

دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى، توزنىڭ قاناتلىرىدىكى، شەپەرەڭنىڭ قاناتلىرىدىكى ئۇ جامالى - گۈزەللىكلەرنى كۆردۈم. بۇلبۇلنىڭ سايرىشىدا، قۇچقاچنىڭ چىكىلدىشىدا مۇزىكا نەغمىلىرىنى ئىشىتتىم. كۆزۈمنى قايسى بىر تەرەپكە بۇرىسام، ئۇستا بىر رەسسامنىڭ نادىر رەسىملىرىنى، بىر ئىنژېنېرنىڭ

پىلان خەرىتىسىنى ۋە بىر ياراتقۇچىنىڭ قولىنى كۆردۈم. تەبىئەتنىڭ بىر بىناغا ئوخشاش مۇستەھكەم بەرپا قىلىنغانلىقىنى كۆردۈم. رېتى، تەرتىۋى، قانۇنى ۋە نىزامى بولمىغان بىر نەرسىنىڭ ئۆزىچىلا بۇ شەكىلدە مۇستەھكەم بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، كائىناتتىكى ھەر شەيئى گويا: ”مېنى بىر ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئورۇنلاشتۇردى، بىر قۇدرەتلىك ياراتقۇچى ياراتتى“ دەپ جار سالماقتا. مەن قۇرئاننى ئوقۇدۇم، ئۇنى ئوقۇغىنىمدا قۇلاق تۈۋىمدە تىل نەغمىسىگە قەتئىي ئوخشىمايدىغان ئىنتايىن ئېسىل بىر نەغمە جاراڭلىدى. ئەقلىمدە ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر تەلمۈرۈش پەيدا بولدى، ئۇنىڭ نازىل بولغىنىغا بىر مىڭ تۆت يۈز يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، ئەخلاق، قانۇن، كائىنات، ھايات، جان ۋە جەمئىيەت قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق سۆزلەر بىلەن ھەل قىلغانلىقىنى، مەدىنىيەت نۇرىدىن تولىمۇ يىراق بىر ئۇممەت ئىچىدىن چىققان ساۋاتسىز بىر كىشىگە كەلگەن بولسىمۇ، پەيدا بولغان ۋە بولىدىغان يېڭى ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىگە مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ ھايات ھېكايىسىنى ئۇقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ پەيغەمبەردىن باشقىسى بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردىم. نۇقسانسىز، تەلتۆكۈس بولغان بۇ كائىناتنىڭ قۇرئاندا ئۆزىنى ۋە پېئىللىرىنى

سۆپەتلىگەن قۇدرەتلىك اللەنىڭ سەنئىتىدىن باشقا بىر نىمە بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ باغلىدىم.

تونۇشۇم مېنىڭ سۆزۈمگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى بىر يوچۇقنى تېپىۋالغاندەك بىر خىل تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— ناۋادا سىز ھاياتىڭىزدا خاتالىشىپ، ئۇزۇن ئۆمرىڭىز ئاخىرىدا ئۆلۈپ تۇپراققا ئايلىنىشتىن باشقا بىر نىمە بولماي قالسا، ئۇ چاغدا سىزنىڭ ھالىڭىز نىمە بولماقچى؟ ئۇ ۋاقىتتا سىزگە ئۇۋال بولمامدۇ؟

— مەن ھېچ نەرسىدىن زىيان تارتمايمەن، مەن ھاياتىمنى ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ خۇشال ۋە ئەڭ بەختلىك ھالدا ئۆتكۈزدۈم. ئەكسىچە مېنىڭ ھېسابلىرىم ۋە ئېتىقاد قىلغانلىرىم ئەمەلىيلەشسە، سىلەر زىيان تارتقان بولىسىلەر. مېنىڭ ئىشەنگەنلىرىم چوقۇم ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا سىلەر كۈتۈلمىگەن دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولىسىلەر.

مەن سۆزلەۋېتىپ تونۇشۇمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە شۇنداق بىر قارىغانىدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە دەھشەتلىك تەشۋىش تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ قورقىنىدىن پىشانىلىرىدىن سوغۇق تەر ئېقىتىشقا باشلىغان ئىدى.

بۇ تەشۋىش چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا پەيدا

بولغان بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ شۇنداق مەغرۇرلۇق، چوڭچىلىق ۋە جاھالىتى بىلەن شەك ـ شۈبھە قىرغىقىدا شۇنداق بىپەرۋا، كاللىسى قۇيقۇرۇق تۇرغان تونۇشۇم ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى.

ئۇ قورقۇسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشقاندەك تىلىنى چايناپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— قېنى كۆرىمىز. سىزنىمۇ، مېنىمۇ تۇپراققا ئايلىنىپ تۈگەشتىن باشقىسى كۈتمەيدۇ.

# راستمۇ؟ دېگەنلىرىڭىزگە ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھېلىقى تونۇش قايتا پەيدا بولدى.

ئۇ گويا ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورققاندەك، تىلىنى چاينىغان ھالدا ماڭا تەسەللىي بېرىشكە ئۇرۇندى:

ــ ھە... ئە، ـ دېدى. مەن:

ــ يالغان ئېيتتىڭىز، بۇ بىز تەكىتلىيەلمەيدىغان بىر ئىش، ـ دېدىم.

ئۇ كېچىسى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن بەس ـ مۇنازىرە قىلىپ، ئۆزەم يالغۇز ئۆيگە قايتقىنىمدا، ئۇنىڭ نەپسىدە بىر يارا ئېچىپ، قۇرۇق پەلسەپىسىنىڭ ئاستىغا مەنىسىز مەنتىقە ئىشقا يارىمايدىغان بىر ئورنى كولاپ قويغىنىمنى ھېس قىلدىم.

مەن ئىچىمدە: ”ئۆزىنىڭ جاھىللىقىدا چىڭ تۇرىمەن دەپ ھەقكە ئېچىلىدىغان دېرىزىلەرنىڭ ھەممىنى ئېتىۋەتكەن كىشىلەر پەقەتلا قورقۇ دېرىزىسىنى ئېتىۋېتەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ قورقۇسى ئۇنى نىجاتلىققا ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن“ دەپ ئويلىدىم.

مەن ئۇنى ھىدايەتكە باشلاشقا ئىگە بولالمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە: ﴿إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَاءُ﴾ ﴿شۇبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمنى ھىدايەت

قىلالمايسەن، لېكىن اللە ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[1] دېمىدىمۇ؟

لېكىن مەن ئۆننىڭ ھىدايەت تېپىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، شۇڭا ئۇننىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلدىم. مۇھەققەقكى، كاپىرلىقتىنمۇ يامان ئاقىۋەت ۋە يامان گۇناھ يوقتۇر.

---

[1] سۈرە قەسەس، 56 ـ ئايەت.